# تۇرپان

1

1984

# تۇرپان

1984 - يىل 1 - سان

(پەسىللىك ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى)

ئومۇمى 12 - سان


## بۇ ساندا


«تۇرپان» ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلىنىڭ رەسمىي نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ...... ياڭ يۇڭتاۋ 1

ئىككى شېئىر ...... سەيپىدىن ئەزىزى 2

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى بۇلغىنىشنى چەكلەپ، ئەدەبىي - ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرەيلى ...... مەخمۇت سېلىم 3

چېچەك ئاچقان ئارزۇ (باللادا) ...... قادىر سېتىنىياز 5

قوشاقلار ...... ئولتىيىپ تاھىر 11

پاختىكار قىز (شېئىر) ...... ئايىمخان ئاۋامسىلىم 13

چەش ئالدىدا (شېئىر) ...... غوپۇر ئەۋرا 14

ئۈچىنچى ئامەت (ھېكايە) ...... مەھەممەت شانىياز 15

دىخان قوشىقى (شېئىر) ...... مەھەممەت قۇربان 35

ئاساسىي قانۇنغا مەدھىيە (شېئىر) ...... رىشىت مەخسۇت 36

شېئىرلار ...... توختى نەمتۇل 39

شېئىرلار ...... روزى نىياز 42

ئىككى شېئىر ...... قۇربان مامۇت 43

ھېكىم شېيخ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھېلىم (ھېكايە) ...... مۇھەممەت لېتىپ 45

شىۋىرغاندا (ھېكايە) ...... يولۋاس راشىدىن 56

ئىككى مەسەل ...... مۇھەممەت ئىمىن 61

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رىيالىستىك پىروزىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى (ماقالا) ...... مەھەممەت پولات 64

ئالغا باس تۇرپان (شېئىر) ...... دىلمۇرات زۇنۇن 79

تورغاي خىيالى (شېئىر) ...... قادىر ھېكىم 80

پارچىلار (شېئىر) ...... ياقۇپجان ئۆمەرى 81

پارچىلار (شېئىر) ...... ئابدۇللا رىشىت 82

ئېچىنارلىق ئاقىۋەت (ھېكايە) ...... مەھەممەت سەمەت 83

جاننى تىكىپ ئىشلەش (ھېكايە) ...... توختى مۇخپۇل 87

ئەندىشە (ھېكايە) ...... سەيدۇللا تاھىرى 88

موللا روزىمەت مۇخەممەسلىرى ...... 98

ئايىمگۈل (ھېكايە) ...... سادىن سادىرى 101

تۈلكە بىلەن بۆرسۇق قىزىنىڭ ئېچىنىشلىق مۇھەببىتى (مەسەل) ...... جوڭ فا 108

ل. تولستوي يېزىقچىلىق ھەققىدە ...... 110

## «تۇرپان» ئەدەبىياتى ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

«تۇرپان» ژۇرنىلى — تۇرپان مەمۇرى مەھكىمە مەدىنى مائارىپ باشقارمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە پەسىللىك ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرنىلى. ئۇنىڭغا يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ ھېكايە، شېئىر، داستان، نەسر، دراما، ئەدەبىي ماقالا، ئەدەبىي ئوبزورلىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، چۆچەك، ماقال-تەمسىل، لەتىپىلەر بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرپان رايونىنىڭ ئىجتىمائى ۋە مەدىنىيەت تارىخىغا دائىر ماقالىلار، ناخشا، مۇزىكا (نوتىسى)، فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىگىمۇ مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىدۇ.

«تۇرپان» ژۇرنىلى 1984 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە چىقىرىلغان ئىدى. بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ژۇرنالنى رەسمىي نەشر قىلىپ، ئوچۇق - ئاشكارە تارقىتىشنى تەستىقلىدى. 1984 - يىلى 1 - ساندىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە رەسمىي تارقىتىلىدۇ. بۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ژۇرنال ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا نەشردىن چىقىدۇ. ھەر سانىنىڭ پارچە باھاسى 30 فۇڭ، يىللىقى بىريۈەن 20 فۇڭ. ژۇرنالنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 40 - 58. ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش گۇۋاھنامە نومۇرى: 060. سىزلەرنىڭ ھازىردىن باشلاپ ژۇرنىلىمىزنىڭ 1984 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قىزغىن قارشى ئېلىش بىلەن بۇنى باشقا دوست بۇرادەرلىرىڭىزلار ۋە ئاممىغا يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزلارنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

ھازىر 2 - پەسىللىك ۋە كېيىنكى پەسىللەرگە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش باشلاندى.

تۇرپان ۋىلايەتلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى

تۇرپان مەمۇرى مەھكىمە مەدىنى مائارىپ باشقارمىسى

«تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# «تۇرپان» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژورنىلىنىڭ رەسمىي نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن


ياڭيۇنتاۋ

(تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى)


مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىۋاتقان ۋە ئومۇمىي يۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىلىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، «تۇرپان» ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەسىللىك ژورنىلى رەسمىي نەشر قىلىندى. بۇ ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ خۇشاللىق ئىش. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ تەشۋىقات ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىگە يېڭى بىر كۈچ قوشۇلدى. مەن «تۇرپان» ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەسىللىك ژورنىلىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

«تۇرپان» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژورنىلى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى جۈملىدىن ۋىلايىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىدىغان، مەنىۋى بۇلغىنىشتىن ساقلىنىپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئەدەبىي ـ ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يادرو قىلغان، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا مۇھىم قورال.

«تۇرپان» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژورنىلى، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىي ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى، يەرلىك خۇسۇسىيەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەپ ۋە ئىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنى ئىشلەپچىقىرىشى يىلمۇ ـ يىل راۋاجلانغان، ئىقتىسادى يىلمۇ ـ يىل گۈللەنگەن، خەلق تۇرمۇشى يىلمۇ ـ يىل ياخشىلانغان، گۈزەل باي ۋە مەدەنىيەتلىك ھەر مىللەت خەلقى قېرىنداشلارچە چىڭ ئىتتىپاقلاشقان، سوتسىيالىستىك زامانىۋى رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى «تۇرپان» ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەسىللىك ژورنىلى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن چوقۇم ياخشى باشقۇرۇلىدۇ. ژورنالدا رەڭگا ـ رەڭ گۈللەر تەكشى ئېچىلىپ، خۇشپۇراق چېچىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ.

# ئىككى شېئىر

سەيپىددىن ئەزىزى

## شائىرغا

شېئىرىڭنى ئوقۇغاندا بولدۇم خوشال،
مەنالىق مىسرالىرىڭ تارتتى دەرھال.
بىراق، خەلققە يات ـ ياۋا تىلىڭنى كۆرۈپ،
كۆڭلۈم توشۇپ ئويلاپ قالدىم بولدۇم مالال.

شېئىرمۇ بۇ، ئەزىمىدۇ، يا تېپىشماق؟
ئويلامسەن يا كىتاپخان بىلەن ئويناشماق؟
كىمگە كېرەك بۇ چىرايلىق سۆز ئويۇنى،
ئەلگە كېرەك چۈشىنىشلىك مەنا قوشاق.

يېزىپسەن تۇققۇز كۇبلىت، ئوتتۇز ئىزاھ،
ئوقۇغانلار چۈشەنمەسە ساڭا ئىزاھ.
نوھو ـ يۇنۇس، ئەيسا ـ موسامۇ بار،
خالايىق سەندىن قانداق بولۇر رىزا.

ئۆتۈپتۇ بىر زامان لۇتپى ناۋايى،
مۇھەببەت كويچىسى سەككاكى ـ ئاتايى،
ئۇلار ئۆز ۋاقتىنىڭ ئۇستازى بوپتۇ،
بىراق لازىم بۈگۈن دۇرى سارايى.

پارىسقا جام تۇتتۇپ «مەي پۇرۇچ»،
ياۋنى تىللا پىسەن گويا «خۇن پۇرۇش»،
چۈشەنمىسە بۇ، «پۇرۇش»لەر كىمگە ھاجەت،
شېئىرىڭگە سالساڭچۇ بىرخىمىر تۇرۇش.

ئەرەپلەرگە «ساھىم» دەپ مورى بوپسەن،
«بەشەر» ئۈچۈن «سىنەم» دەپ سۆز توقۇپسەن،
چاپلىشىپسەن «لاتاپەتنىڭ»، «پەيۋەن»دىگە،
«گۈزەل سۆز»لەر ماتاسىنى راس توقۇپسەن.

بۇ سۆزگە بەلكى «بىلمەس»دەپ كۈلەرسەن،
ئۆزەم «مۇتەرەپ» ماتەم-مۇشىرىق دەپ بىلەرسەن،
«تورپە»، «سىما»، «مەھلىيا»نى تاشلا ئەمدى،
ئۇنداق قىلما ئەل ئالدىدا مات بولۇرسەن.

«لەزىز سۇخەن» ئىبارەڭنى تاشلا ئەمدى،
ئانا تىلىڭ بىلەن داستان باشلا ئەمدى،
شاكال ئەمەس، مېغىزىڭدىن ئۇنەر مايسا،
مېۋىسىگە بوكىڭنى ئال راسلا ئەمدى.

## بارىكاللا شائىر

قوشىقىڭغا بارىكاللا ئەسسالام،
يوللىدۇم ھۆرمەت بىلەن قۇتلۇق سالام.

زەپ بەلەنكەن داستانلار نەزمىسى،
پەيزىڭگە تولدى يارانلار بەزمىسى.

ئەل ۋە يۇرتنىڭ مەقسىدى بوپتۇ بايان،
پۈتۈلۈپتۇ ئارزۇ ۋە نىشان ئايان.

تىللىرىڭ تاتلىق ـ چۈچۈك ئەل باپ ئىكەن،
يات- ياۋا سۆز يوق ۋە ياكى ئاز ئىكەن.

ئوقۇسا مەززە قىلۇر دىخان ئاكاڭ،
گۆش ـ قېمىز زەللە قىلۇر مالچى تاغاڭ.

ئىشچىنىڭ قولىدا ئويىنار بازغىنى،
قوشاق ئېيتىپ كانچى چۈشەر قازغىنى.

(داۋامى 10 ـ بەتتە)

# پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى بۇلغىنىشنى چەكلەپ، ئەدەبىي - ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرەيلى

(«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن)

مەخمۇت سېلىم

پارتىيە 12- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2- ئومۇمىي يىغىن روھى ئىزچىللىشىۋاتقان، سوتسىيالىستىك ئەدەبىي- سەنئەت گۈلزارىمىزدا خۇشپۇراق گۈللەر بۆرەكلەپ ئېچىلىۋاتقان، ياخشى ۋەزىيەتتە «تۇرپان» ئەدەبىيات- سەنئەت ژۇرنىلى رەسمىي نەشر قىلىندى. مەن ژۇرنىلىمىزنىڭ رەسمىي نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ھەمدە ژۇرنىلىمىزنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارغا، رەھبەرلەرگە ۋە يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىۋاتقان ھەمدە ئېقىملار بەس- بەستە سايراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىۋى قىسمى بولغان، قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى ھاپىلىنىدىغان تۇرپان رايونىمىزدا «تۇرپان» ئەدەبىيات- سەنئەت ژۇرنىلىنىڭ رەسمىي نەشر قىلىنغانلىقى ۋىلايىتىمىزدىكى ئەدەبىيات- سەنئەت خادىملىرىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى خۇشال قىلىدىغان زور ئىش. «تۇرپان» ئەدەبىيات- سەنئەت ژۇرنىلىنى رەسمىي نەشر قىلىش ۋىلايىتىمىز جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات- سەنئەت خادىملىرىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى تەلىۋى ۋە ئارزۇسى ئىدى. بۇ تەلەپ ۋە ئارزۇ ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدىكى قەلەم ئىگىلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى زېچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ پۈتۈن، كۈچ- قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل- پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ۋە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات- سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ بولۇشى ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا «تۇرپان» ئەدەبىيات- سەنئەت ژۇرنىلى، 1981- يىلى 2- پەسلىدىن باشلاپ 1983- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئى 11 سان سىناق تەرىقىسىدە چىقىرىلىپ، كەڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە مەدھىيىگە ئېرىشىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئويىنىدى. ژۇرنال باشقۇرۇش، تەھرىرلەش، بېسىش، تارقىتىش جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىمىزنىڭ كەملىكى

ۋە سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىبارەت ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئاساسى جەھەتتىن تۈگىتىپ، ژورنالنى رەسمىي چىقىرىشقا ھەر جەھەتتىن شەرت - شارائىتىمىز پىشىپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «تۇرپان» ئەدەبىيات - سەنئەت ژورنىلىنى رەسمىي چىقىرىش توغرىسىدىكى تەستىقىغا ئاساسەن ژورنال 1984 - يىلى 1 - پەسىلدىن باشلاپ رەسمىي چىقىرىلدى.

«تۇرپان» ئەدەبىيات - سەنئەت ژورنىلى، ۋىلايىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا چوقۇم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. «تۇرپان» ئەدەبىيات - سەنئەت ژورنىلى، ئەدەبىي گۈلزارىمىزدا خۇش پۇراق چېچىپ ئېچىلىۋاتقان رەڭگا - رەڭ گۈللەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ۋە يېڭى تۇرمۇشىنى يارقىن نامايەن قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ژورنال ئۆز سەھىپىسىدە قەدىمقى قوجو — ئىدىقۇت رايونىنىڭ يېڭى ھۆسنىنى نامايەن قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان شانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە تونۇشتۇرىدۇ. ئىشىنىمەنكى «تۇرپان» ئەدەبىيات - سەنئەت ژورنىلى، پارتىيىمىزنىڭ غەمخورلىقى، خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك مەدەتى قەلەم ئىگىلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق چوقۇم گۈللەپ ياشنايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ خۇشپۇراق گۈل بولۇپ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىمىزغا يېڭى ھۆسن بېغىشلىغۇسى.

«تۇرپان» ئەدەبىيات - سەنئەت ژورنىلى پارتىيىمىزنىڭ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى، ئۇنىڭدا يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك بولۇشى، پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 2 - ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەنىۋى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ، كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يادرو قىلغان يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىش لازىم. «تۇرپان» ئەدەبىيات - سەنئەت ژورنىلى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، خەلقىمىزنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ ژورناللىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تەھرىرلىك خىزمىتى ۋە ئاپتورلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ ئالغا بېسىپ، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان ژورنال بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# چېچەك ئاچقان ئارزۇ

(باللادا)

قادىر سېتىنىياز

زىيارەتكە بېرىپ باقا دېگەن يېزىغا،
زوقۇم كەلدى كەڭ يېزىنىڭ ئوغۇل - قىزىغا.
بەزىلىرى مىنىپ يۈرەر يېڭى ۋېلسىپىت،
بەزىلىرى ھەتتا تېخى موتۇتسىكلىت.
بەزىلىرى ھارۋىسىغا قوشۇۋاپتۇ ئات،
بەزىلىرى تىراكتورنى ھەيدىشەر «تات - تات!»
يوللىرى تۈز، كوچىلىرى پاكىزە، رەتلىك،
يېڭى ئۆيلەر باراڭلارغا پۈركەنگەن ئەپلىك.
قۇلاق سالسام بارچە ئۆيدە كۈلكە ئاۋازى،
ياڭراپ تۇرار ئۇن ئالغۇنىڭ شات - شوخ ناۋاسى.
ھەقىقەتەن بېيىپتۇ بۇ كىشىلەر - دېسەم،
كۈلۈپ كەتتى بۇ سۆزۈمگە دېخانلار شۇدەم.
- بېيىغانىنى كۆرۈڭ ئوغلۇم، جۈرۈڭ ئۆيۈمگە،
ئېغىز تېگىڭ ياغلىق توغاچ، تاتلىق تۇرۇمگە.
سىز كۆرىسىز شۇچاغدىلا راست بېيىغانىنى،
دېخان خەلقەر ئاق ئۇن، گۈرۈچ، گۆش - ياغ يېگەنىنى:
دېدى ماڭا ئاق ساقاللىق بىر دېخان بوۋاي،
ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ كۈلۈپ خۇش چىراي.
بىر تىراكتور يېتىپ كەلدى شۇچاغ گۈكىرەپ،
گۈلدۈرىدىن يوللار شۇ ئان كەتتى تىترەپ.
- ئېزىز جانكەن! - دېدى خەلقەر كەينىدىن قاراپ،
ھەممە شۇندا ئۇ كىشىنى كېتىشتى ماختاپ:
- ماڭا ئەكەپ بەرگەچكە ئۇ بىر توچەي كۆمۈر،
قىشچىلا ھوغ كورمىدىم، ئوت قالاپ گۈر - گۈر.
دېدى كۈلۈپ ئارىدىن بىر قېرىدراق كىشى،
ھال - كۈنىدىن خۇددى كوككە يەتكەندەك بېشى.
ئۇ، ۋاقتىدا تېرىپ بەرگەچ يېرىدەنى مېنىڭ،
مۇبېشىدىن ئالدىم ھوسۇل مەن ئالتە يۈزجىڭ.

دۆلەتكىمۇ سېتىپ بەردىم ئۈچ مىڭ جىڭ ئاشلىق،
شۇڭا مېنىڭ يۈرۈكۈمگە سىغمايدۇ شاتلىق.
دىدى مەمنۇن بولغان هالدا ياشىراق بىرى،
يۈرىكىدە قايناپ تېشىپ دېخان غۇرۇرى.
ماختار ئۇنى ھەممە كىشى قىزىپ كەتتى گەپ،
«ئاز ھەق ئېلىپ كۆپ ئىشلەيدۇ بەكمۇ ياخشى.»- دەپ.
بۇنى ئاڭلاپ ئېزدىدىم مەن شۇ تىرىشچاننى،
چوڭ تىراكتۇر سېتىۋالغان ئىلغار دېخاننى.
هويلىسىدا تۇرار بايا كۆرگەن تىراكتۇر،
ئۆيىدە، باركەن ئۈن ئالغۇ، رادىيو، تېلېۋىزور.
تامدا، كاڭدا جۇلالىنىپ يېپ - يېڭى گىلەم،
ئۇ سەتەل ئىشكاپ پاقىرىيتتى كۆزنى چېقىپ ھەم.
ئېغىلدا ئوت يەپ تۇرار قوي، كالا ھەم ئات،
هويلىسىدا توخو، ئوردەك قېقىشار قانات.
بېغى باركەن ھەر خىل شېرىن مېۋىگە تولغان،
ئۆينىڭ ئالدى ھەم كەينىنى ئورىغان ئورمان.
يالغۇز ئۆزى ئوتتۇز مو بوز يەر ئېچىپتۇ،
مو بېشىدىن بەش يۈز جىڭ هوسۇل ئېلىپتۇ،
ئۇن مىڭ جىڭدىن كۆپ ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ،
ئىلغار بوپتۇ تەقدىرلىنىپ شەرەپ قازىنىپ.
سەككىز مىڭ يۈەن بوپتۇ بۇ يىل ئامانەت پۇلى،
نەگە سۇنسا يېتىدىكەن ئۇلارنىڭ قولى.
ئاتا - ئانا، خوتۇن - بالا بولۇپ ئالتە جان،
ئۇلار غەمسىز، تۇرمۇش شات، مەمۇر - پاراۋان.
بىلسەم ئېزىز بۇ يىل ئىككەن ئوتتۇز ئالتە ياش،
بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، ساغلام قارا قاش.
چاقناپ تۇرغان كوزلىرىنى تىكىپ ئۇ ماڭا،
كۈلۈمسىرەپ سوز باشلىدى زور هاياجاندا:
—ئامراق ئىدىم تىراكتۇرغا مەن كىچىكىمدىن،
كۆرسەم ئۇنى ئەگىشەتتىم يۈگرەپ كەينىدىن.
ئاڭلىناتتى بەك يېقىملىق تىراكتۇر ئۈنى،
كېچىلىرى چۈشۈمدىمۇ كورەتتىم ئۇنى.
چوڭ بولغانچە تىراكتۇرغا مېھرىم چىڭىدى،
تىراكتۇرچى بولۇش يۈرەك ئارزۇيۇم ئىدى.
بىراق، ئورتا مەكتەپنى مەن پۈتتۈرگەن يىلى.

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى چۇچۇتتى مېنى.
ئاھ، ئاخىرى چىقالمىدىم كەسىپى مەكتەپكە.
قايتىپ كەلدىم ئۆز ئۆيۈمگە مەيۈس ھالەتتە.
ھەمرالىرىم كادىرلىققا ئۆستى بىر - بىرلەپ،
مەنلا قالدىم بېشىم قېتىپ لىۋىمنى چىشلەپ.
ئىشلىدىمەن ئۇن يىل كۆچەپ راسا غەيرەتتە،
تىراكتۇرچى بۇپ قالارمەن دېگەن نىيەتتە.
بىراق، دۇيجاڭ دېدى،-ئۇستۇن تەركىۋىڭ سېنىڭ،
تىراكتۇرچى بولالمايسەن تولمايدۇ شەرتىڭ.
شۇگەپ بىلەن كىرىشتىم مەن ئېتىز ئىشىغا،
بارالمىدىم تىراكتۇرنىڭ ھەتتا قېشىغا.
مالىمانچىلىق دەستىدىن ھەي، پۈتكەندە سەۋىر،
يېتىپ كەلدى دىللار كۈتكەن بۇ نۇرلۇق دەۋىر.
زامان باقتى بىزگە كۈلۈپ بىر خىل كوز بىلەن،
«باي بولۇڭلار»-دېگەن ئادىل، قۇتلۇق سۆز بىلەن.
شۇ خىتاپتىن يۈرەكلەردە ئۇرغىدى ئىلھام،
ئۈممەت - ئىشەنچ دېگىنىز كەبى ياساپ زور قاينام.
تولۇپ مەنمۇ يېڭىدىنلا غەيرەتكە - كۈچكە،
تۇختام تۈزۈپ ئۇن مويەرنى ئالدىم ھۆددىگە.
بوش ۋاقتىمدا ئىشلىدىمەن قوشۇمچە كەسىپ،
بۇ ئىشلاردىن بولدى ماڭا كوپ پايدا نەسىپ.
نەتىجىدە يىلدىن - يىلغا ئاۋۇدى پۇلۇم،
نەگە سۇنسام ئەشۇ يەرگە يەتتى بۇ قولۇم.

×

تاڭ بىلەن تەڭ مەن يېزامدىن چىقتىم سەپەرگە،
خۇشاللىقىم شۇچاغ مېنىڭ سىغماس ھېچيەرگە.
بېرىپ قىسقا كۇرسقا مەن ئالىمەن بىلىم،
ئىنتىزاردى مۇشۇ كۈنگە ئەزەلدىن دىلىم،
پۈدىۋالغان ئىدىم ئەپچىل شىڭلى، سومكىنى،
كىيىپ ئىسسىق پەلەي بىلەن ئۈزۈن جوكىنى.
پەرۋاز قىلغان قۇشتەك ياپراپ كېتىپ باراتتىم،
كۆلۈپ تۇرغان كۈنگە قاراپ ناخشا ئېيتاتتىم.
ئۆتەر يولۇم قار قاپلىغان پايانسىز دالا،
ئوخشار ئىدى گويا ئاپپاق چوڭ داستىخانغا.
بەك ياراشقان زەڭگەر ئاسمان، سۈزۈك ساپ ھاۋا،

هەيران بولدۇم، «قىشمۇ شۇنچە گۈزەل ئىكەنا»
داللىدىكى تونۇش ئىدىر ئوخشايتتى گويا،
ئاپپاق چاچلىق شۇ مېھرىبان بوۋام، موماڭا
كۆرىنەتتى ئۇ تەلمۈرۈپ تۇرغاندەك ماڭا.
مەنمۇ توختاپ زوق ئىچىدە تىڭىلىدىم ئاڭا.
ئۇ دىدىكى: «سەن ھەجەپمۇ ساقلاتتىڭ مېنى،
شۇنچە كۈتتۈم، پۈتتى تاقەت سېغىندىم سېنى.
ئۇخلىسام مەن قىشتا نىمجان، بىلمەي ھوشۇمنى،
ياز كۈنلىرى قۇرغاقچىلىق ئۆرتەر كوكسۇمنى.
ئەلمىساقتىن كۆرمەي ئۆتتۈم بىر تۈپ گۈل ـ گىيا،
ھالىم خاراپ، يوق ئامالىم دەردىم بەك تولا.
تا ئەزەلدىن مىنى «قاقاس چۆل» ـ دەپ ئاتايدۇ،
بۇلبۇل قۇشلار يولىمايدۇ، ناخشا ئېيتمايدۇ،
چالۋاقايدۇ پەقەت ھۆلاپ مۇدھىش قۇم بوران،
كەسلەنچۈكلەر كۆرەڭلىشىپ چاپىدۇ ھەريان،
ئىخ، بەختىمگە كەپسەن بۈگۈن قېقىپ قاناتىنى
مەن باشلايمەن ئەمدى چوقۇم يېڭى ھاياتنى.
پەرھات بولۇپ تىز نىجاتلىق بەرگىن سەن ماڭا،
شىرىن كۆلۈپ ئىسىل شاراپ ئۇزاتقاي ساڭا.
ئېچىڭلار تىز، قوينۇمدا بەك بايلىغىم تولا،
شۇ بايلىقنى ئېلىپ ئەلگە قىلغىن سەن سوغا.»
مەن دىدىمكى: «ئانا تۇپراق سۆيۈملۈك ماڭا،
گۈزەل ياشلىق باھارىمنى ئورغىتاي راسا،
كېتىۋاتىمەن مانا كۆرسىقا بىلىم ئېلىشقا،
قولى چىۋەر تىراكتورچى باتۇر بولۇشقا.
قايتىشىمدا كۈچلۈك تۆمۈر ئوكۈزنى مىنىپ،
دەۋرىمىزنىڭ مۆجىزىسىنى كورىسەن قېنىپ.
قۇدۇق قىزىپ چىقىراي سۇ، گۈلگە كومۈلگىن،
ئىرەم باغدەك ئېچىپ چىراي ياشنىغىن كۆلگىن،
بۇلبۇل قۇشلار كويلەپ سىنى قوشاققا قاتسۇن،
ئەل ـ مەھەللە شەيدا بولۇپ ھۆسنىڭگە باقسۇن.
ۋەتەنگە سەن قوشلاپ ـ قوشلاپ بەرگىن مول ھوسۇل،
قىزىپ كەتسۇن كەڭ باغرىڭدا ئەمۇيۇ-ئۇسۇل.
......
تېخىنىڭ كۆرسىقا قاتناشقانلار ئاتىمىش بىر كىشى،

ناھىيەمىزنىڭ ھەر يېرىدىن ئۆتتۈزدا يېشى.
تەڭ يېرىمى ئۆنىڭ ئايال، ھەممىمىز دىخان،
يېڭى دەۋر روھىدىن زور كۈچ، ئىلھام ئالغان.
دەرس بەردى بىزگە چولپان ئاتلىق بىر ياش قىز.
ئىجتىھاتتا تېخنىكىنى ئىگەللىدۇق تېز،
ۋۇجۇدىمىز تولدى يېڭى ئەقىل - ئىدرەككە،
يالقۇنلىدى يۈرەكتە ئوت ئۆچمەس جۇرئەتتە.

×

باھار كەلدى،
ماڭدىم مىنىپ تۆمۈر ئۆكۈزنى.
تەبىئەتكە شىددەت بىلەن باشلاپ ھوجۇمنى
پۇتلاشقان دۆڭ — يوتلارنى يەنچىپ تۈزلىدىم،
يەرنى غال - غال تىترىتىپ ئالغا ئۆرلىدىم.
ئانا ئىدىر ئۇيقىسىدىن كۆلۈپ ئويغاندى،
تويى بولغان كېلىنچەكتەك گۈزەل ياساندى.
تىكتىم كۆچەت قاتار - قاتار كۆكەردى بويى،
مۇدھىش بوران، قۇمنىڭمۇ چورت كېسىلدى يولى.
چول ئورنىدا بولۇپ پەيدا بىر گۈزەل گۈلزار.
دېڭىز كەبى دولقۇنلىدى يېشىل ئىكىنزار.
كېتەلمىدى قۇش - قاناتلار باغنى چۆگىلەپ،
يېگىلىقنىڭ شاراپىتىن مەدھىيىلەپ، كۆيلەپ.
دۆلەتكە كۆپ ياخشى ئاشلىق تاپشۇرغىنىمغا،
پۇل ھەم شەرەپ قوشلاپ كەلدى مېنىڭ قولۇمغا.
ئارمىنىمغا يەتكىنىمگە خوشالمەن ھەردەم،
بوش ۋاقتىمدا باشقىلارغا قىلىمەن ياردەم.
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ھامان تەر تۆكۈپ ئىشلەپ،
كېڭەيتىمەن بۇ بوز يەرنى يەنە ھەسسىلەپ.
تىراكتۇرۇم گۈكىرىسە چۆمىمەن ئويغا:
«مانا ئەمدى ئورتا ئەمەس، ئايلاندىم بايغا.
سوتسىيالىزم يۇلى نۇرلۇق باي بولۇش يونى،
باشلىماقتا كومپارتىيەم چىڭ تۇتۇپ قولنى.
نىشان ئېنىق، ئەل ئىتتىپاق، شۇڭا كوڭلۇم توق،
قانۇن ئېنىق، بەختىم پارلاق، ھېچبىر غېمىم يوق.
مەن بىر دىخان يەردۇر مېنىڭ ئانام سۈيۈملۇك،
ساپ تەر تۆكۈپ ئۇنى گۈللەش ئەھدىم ئۆمۈرلۈك».

ئاڭلىغاندا ئېزىزجاندىن بۇ ئوتلۇق سوزنى،
ئىلھاملىنىپ ئالدىم شۇئان قەغەز ـ قەلەمنى.
ئىلغار دىخان، شەنىڭىزنى دىلدىن داڭلىدىم،
سۆزىڭىزنى پۈتكۈل جاھان ئاڭلىسۇن دېدىم،
ئارمىنىڭىز بۈگۈن گۈلدەك ئېچىپتۇ چېچەك،
بەختىڭىزگە يۇرت نامىدىن بولغاي مۇبارەك.
پالۋان كەبى سىز ھېچچىسىز سەپنىڭ ئالدىدا،
تۆتتە زامانىۋىلىشىش داغدام يولىدا،
بەختى كۈلگەن دىخان دوستۇم ئۆرلەڭ تېخىمۇ،
ئىشلىرىڭىز رۇناق تاپسۇن، گۈللەڭ تېخىمۇ.
پات ئارىدا يەنە يوقلاپ كېلىپ قالارمەن.
شەنىڭىزگە يەنە يېڭى داستان يازارمەن.
خوشلاشتۇق-تە ماشىنىمىز ناھىيىگە ماڭدى،
ئۆزەم كەتتىم، لېكىن كۆڭلۈم باققىدا قالدى.

(بېشى 2 ـ بەتتە)

بىلگۈچى بىلسە ئەگەر قايىل ساڭا،
تىلىمنى تۈزلەپ بۇلۇر مايىل ساڭا.

شېئىرىيەتنىڭ «ماھىرى»بەلكى كۈلەر،
«مەھلىيا يوق ـ جازىبە، پەيۋەند» دەر.

تۈتما پىر مورىد بولۇپ ناۋايىنى،
سۆيگۈ ھىجران كۈيچىسى ئاتايىنى.

ئۇلىما كەن ئۇزامان شائىرلىرى،
ئەمدى كېرەك دەۋرنىڭ ماھىرلىرى.

رەنجىسە مەيلى ئۇكۈنمە چاغاتاي،
ياز! سېنى دوستلار قۇچاغلار ئاغاتاي.

ئەل سېنىڭدىن دەردىگە دەۋا كۈتەر.
گۈل ـ چىمەندە سازىنغا ناۋا كۈتەر.

دول بولۇپ تولغاي بېغىڭنىڭ مېۋىسى،
دېغىزنى چاقسۇن بادامنىڭ ئىگىسى.

سۇن بادام لاچىن سۆپەت سايرانىغا،
بىر سېۋەت ئانار ئۇزات ھەيرانىغا.

1982 ـ يىل، بېيجىڭ

# قوشاقلار

ئولتىيىپ تاھىر (خەلق قوشاقچىسى)

## ئاچايلى بىللە

ئىتتىپاقلىشىپ بارچە مىللەت بىز،
يېڭى ئىشانغا چامدايلى بىللە.
جاسارەتتە تىكلەپ غەيرەتنى،
گۈزەل شىنجاڭنى ئاچايلى بىللە.

ئىتتىپاقلاشاق تىكلىنەر غەيرەت،
تاغ ـ داۋانلاردىن ئاشايلى بىللە.

ئەجرىمىزدىن گۈللەر ئۈندۈرۈپ،
گۈزەل شىنجاڭنى ئاچايلى بىللە.

بىر مەخسەتتە تەڭ قەدەملەر تاشلاپ،
گۈزەل شىنجاڭنى ئاچايلى بىللە.
قان-تەر ئاققۇزۇپ توھپە يارىتىپ،
شەرەپ گۈلىنى تاقايلى بىللە.

## يەرنى ئېلىپ ھۆددىلەپ

ۋگۈن بىزلەر بەك خوشال،
جاراڭلايدۇ سۆزىمىز.
يەرنى ئېلىپ ھۆددىلەپ،
خوجا بولدۇق ئۆزىمىز.

پەرۋاز قىلىپ ئۆرلىدۇق،
كۆككە يەتتى بېشىمىز.
دېخانلارغا خوشاللىق،
ساڭغا توشتى ئېشىمىز.

ھەممە دېخان باي بولدۇق،
بانكىدا ار پۇلىمىز.
ئالغا باستۇق ئىلگىرلەپ،
زەپمۇ پارلاق يولىمىز،

تۇرمۇشىمىز پاراۋان،
قىيىنچىلىق يوق ھازىر.
بۇ قوشاقنى توقىغان،
خاندۇلۇق ئولتىيىپ تاھىر.

## ئۆسمۈرلەرگە

سۆزلەپ بېرەي ئۆسمۈرلەر،
قارا زۇلمەت ئۆتمۈشىنى.
سىلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار،
بۇ باياشات تۇرمۇشنى.

ئەزگەن زالىم باي ـ بەگلەر،
بىز كەمبەغەل دەتمەننى.
ئۇ چاغلاردا كىيەردۇق،
خام، ماتانى،چەكمەننى،

ئۆتمۈش قارا زاماندا،
يۇرۇق كۈنلەر بىزگە يوق.
شۇ جاپانى تارتقان بىز،
قوساق تويسا بويغا يوق.

ئۆتمۈش قارا زاماندا،
بەكمۇ بولغان بىز پېقىر.
يۇرۇق كۈنگە تەلمۈرۈپ،
كۆزىمىز بولغان چېقىر.

ئازات قىلىپ پارتىيە،
شۇ زۇلۇمدىن قۇتقازى.
ھوقۇق بېرىپ قولىمىزغا،
قىزىل توغنى تۇتقازى.

قىزىل توغنى چىڭ تۇتۇپ،
بوشىمايدۇ قولىمىز.

ئىلگىرلىمدى ئۇچقاندەك،
ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئىلىمىز.

ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى،
سېلىشتۇرۇپ بىلگىلار
يېڭى ئۆسمۈر ياش باللار،
بۇندىن ساۋاق ئېلىڭلار.

## بەزى ياشلارغا

ياش ـ ئۆسمۈر قېرىنداشلار،
نەسىھەت قىلاي سىزلەرگە.
ئىللىك ئېلىپ سۆزۈمنى،
ئازار بەرمەڭ بىزلەرگە.

مېنىڭ قىلغان ھەر سۆزۈم،
سىزگە پەقەت پايدىلىق.
بۇنى ئاڭلاپ سىزنىڭدە،
قوزغالمىسۇن خاپىلىق.

ئويلاڭ ئېزىز دوستلۇرۇم،
ئۆمۈر بىكار ئۆتمەكتە.
لېكىن سىزدىن كىلەچەك،
ياخشى ئۈمىت كۈتمەكتە.

چۈنكى سىزلەر بۇ يېڭى،
جەمئىيەتنىڭ ئېگىسى.
راۋاج تاپار سىزلەردىن،
چەكسىز پارلاق كەلگۈسى.

بۇنى بىلىپ غەنىمەت،
تېز ئۇيغىنىڭ ئۇيقۇدىن.
ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەڭ،
قېچىڭ غەيرى تۇيغۇدىن.

X

ئاز ساندىكى ياش دوستلار،
تېزدىن تۈزەت ئۆزۈڭنى.

ئۆز يولۇڭنى تېپىۋال.
چوڭ ـ چوڭ ئېچىپ كۆزۈڭنى.

توغرا يولدىن سەن چەتنەپ،
پاتتىڭ غەپلەت ئۇيقۇغا.
روھى ياقتىن بۇلغۇنۇپ،
كەلدىڭ غەيرى تۇيغۇغا.

تەشكىل يىغىن چاقىرسا،
بېشىڭ ئاغرىپ بارمايسەن.
توي ـ تاماشا، مەركىدىن،
بىر دەم خالى قالمايسەن.

قىڭغىر كىيىپ شەپكەڭنى،
قاتىرايسەن، تىنمايسەن.
قالتىس بىلىپ ئۆزەڭنى،
خەقنى كۆزگە ئىلمايسەن.

ئۆت سەر ئېچىپ بىر جىڭ مەس،
خەقنى كايىپ تىللايسەن.
ئەس ـ ھوشىڭنى يوقۇتۇپ،
ھۆكۈرەيسەن، يىغلايسەن.

ساڭا قىلسا نەسىھەت،
ئۇنى ئىلىك ئالمايسەن.
ياخشىلىققا يۈز ئۆرۈپ،
يامان يولدىن يانمايسەن.

ئۇرۇش، تالاش، ماجىرا،
بولغان جايدىن قالمايسەن.
غالجىر ئىتتەك قاۋىلاپ،
ئەل ئىچىگە سىغمايسەن.

سېنىڭ غەيرى تۇرقىڭغا،
قاراپ قالدى قېرى - ياش.
ئەس - ھوشىڭنى يىغىۋال،
چوتكا بۇرۇت، قوزا باش.

سوتسىيالىزىم دەۋرى بۇ،
بۇنى ئوبدان بىلىۋال.
يامان ئىشلار سىغمايدۇ،
كۆزنى ئېچىپ كۆرۈۋال.

بېرىلىپ كەتمە ئۇنچىلا،
چىرىك، پاسكىنا ئادەتكە،
زىيان سالار ئاخىرى،
ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە.

يامان ئەسكى ئىشلارنى،
ئادەت قىلما ئۆزۈڭگە.
پەقەت توغرا كەلمەيدۇ،
يېڭى قانۇن تۈزۈمگە.

مېنىڭ قىلغان سۆزلىرىم،
ساڭا بولسۇن بىر سېگنال.
يامان يولدىن يالتىيىپ،
توغرا يولنى تېپىۋال.

ئورۇن ئالسۇن قەلبىڭدە،
گۈزەل، ئەخلاق پەزىلەت،
مەڭگۇ بەرسۇن چېچەكلەپ،
ساڭا قىلغان نەسىھەت.

ئىلىم - پەننى ئىگەللە،
بولغىن ھەر ئىشقا ماھىر.
ئەل ئۈمىدىنى ساڭا،
دىندى ئولتىيىپ تاھىر.

## پاختىكار قىز

### ئايىمخان ئاۋامسىلىم

سۈبھى تاڭدا خوشال ناخشاڭ ئويغاتتى مېنى،
مەھلىيا قىلىپ پاختىزارغا قاراتتى مېنى.
ئاق ئالتۇنغا بەرگەن ئىشقىڭ ھەم ئىشچانلىقىڭ،
چىن ۋاپاڭنىڭ بۇلبۇلى قىلىپ سايراتتى مېنى.

ئەل ئاغزىدا داستان بولدى ئىش - ئىزىڭ سېنىڭ،
كوممۇنىستىك ئەدەپ - ئەخلاق خىسلىتىڭ سېنىڭ.
ئىلھام بەردى كەشپىياتىم يولۇمدا ماڭا،
ئاق ئالتۇندىن تاغ ياسىغان غەيرىتىڭ سېنىڭ.

جەسۇرلىقىڭ غەيرەت قوشتى جەسۇرلىقىمغا،
ئىشتا چىۋەر يالقۇن قەلب جانان پاختىكار.
شان - زەپەردە ئۆرلەيلى بىز يۈكسەك پەللىگە،
كوممۇنىستىك پارتىيىمىز مەڭگۈ بىزگە يار.

# چەش ئالدىدا

**غوپۇر ئەۋرا**

سەھەر تۇرۇپ كىرگىنىمدە خامانغا،
دادام خوشال چەش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.
مول ھوسۇلنى بۇ يىلىبۇ كوپ ئالغاچقا،
قەلبى ئۇنىڭ شاتلىق بىلەن تولۇپتۇ.

—قانداق دادا، بۇ يىل سىنىڭ خامانىڭ؟
يېتىشمەيتتى بۇرۇن ئاشلىق سامانىڭ.
ھەربىر ئايدا نورما ئېشىڭ ئۈزۈلۈپ،
«جىدەلكەش»-دەپ چىققان ئىدى يامانىڭ.

دادام دېدى: «قارا سىنىڭ گېپىڭنى،
كۆرمۇدۇڭمۇ پارتىيىنىڭ مېھرىنى.
بار دېخاننىڭ كۆڭلى مەندەك يايرىدى،
ئاچتى چىراي بېسىپ كۆلكە چەھرىنى.

كەلگەچ بىزنىڭ مەڭگۈ باھار-يازىمىز،
ياڭرىماقتا خوشاللىقتىن سازىمىز.
بەردى مەدەت مەسئۇلىيەت تۇزۇمى،
شۇڭا ھەممە پارتىيەدىن رازىمىز.

ئۆتكەن يىل بىزگە بەرگەن ئېتىزدىن،
ئاشتى پىلان بۇغداي، قوناق، پاختىدىن،
قويۇپ، بەش مىڭ يۈەن پۇلنى بانكىغا،
تىراكتۇرنى ئالدىم تاللاپ ياخشىدىن.

بۇ تۇرغان چەش جېمى چەشتىن بىر قىسىم،
توشۇپ بولدۇق تىراكتۇردا بەش قېتىم.
تاپشۇرمىسام دۆلەتكە تېز پاراقنى،
بۇ كۈنلەردە «تاپماس كۆڭلۈم ھېچ تىنىم.»

—دادا، قانداق ئىشلەپ ھوسۇل مول ئالدىڭ؟
قانداق مېڭىپ باي بولۇشقا يول ئالدىڭ؟
پولات ئاتنى-تىراكتۇرنى ئالغىچە،
كىمدىن؟نەدىن؟ قەرز ئۈچۈن پۇل ئالدىڭ.

—ئوغۇت يىغىپ ئېتىزلارغا توپلۇدۇم،
يازنى ئىسسىق، قىشنى سوغاق دېمەستىن.
قىر، تۈگىنىنى قاشلاپ يەرنى تۈزلىدىم،
قېرىدىپ قالدىم، مىجەزدىم يوق دېمەستىن.

كونا تېرىش ئۇسۇلىنى تاشلىدىم،
تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا ئىش باشلىدىم.
پەرۋىش قىلىپ مايسىلارنى بالىدەك،
خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن ئاشلىدىم.

مول ھوسۇلنى تاپتى ھالال كۈچۈممۇ،
يىلغا يېتىپ ئاشتى ساڭدا ئېشىممۇ.
شاتقا تولدى پارتىيىمىز مېھرىدىن،
گۈللەپ تۇرمۇش كۆككە يەتتى بېشىممۇ.

ھويلامدا بار ھارۋا بىلەن تىراكتۇر،
ئۆيگە كىرسەڭ ئۇنئالغۇ ھەم تېلېۋىزور.
قوغلىۋەتتى جىن چىراقنى ئېلېكتىر،
بايدەك ياشاپ ئۆتمەكتە كۈن بەھۇزۇر.

پارتىيىنىڭ ئىشەنچىسى زور ئىكەن،
سوتسىيالىزىم بىزگە توغرا يول ئىكەن.
كۆپ ئىشلىسە كۆپ يەيدىغان پىرىنسىپ،
ئەلگە غەمخور سىياسەتتە مول ئىكەن.

دادام بىلەن بولغان قىسقا سۆھبەتتىن،
كۆردۈم يەنە گۈل يېزامنىڭ ھۆسنىنى.
ماڭماق بولدۇم دادام ماڭغان يول بىلەن،
ھەيرىتىمگە جور قىلىپ زەپەر كۈيىنى.

# ئۈچىنچى ئامەت

(ھىكايە)

مەھەممەت شانىياز

بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىز تۇيۇقسىز بولدى. مەن ئاپتوۋۇزدىن يەرگە چۈشۈپ، كەينىمدىن بىرەر ھارۋا كېلىپ قالسا ئولتۇرۇپ ئالارمەن دەپ كۆكتىكى بازىرى جايلاشقان چارسۇدىن ئۆتۈپ كارىز مەھەللىسىگە قاراپ مېڭىپ كەتتىم. بىرەر 100 قەدەم ماڭا - ماڭماي كەينىمدىن «ۋۇھ - ۋۇھ! توختا جانۋار» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىۋىدىم، كەينىمدىلا چاققانغىنا رېزىنكا چاقلىق يېڭى ھارۋىغا قوشۇلغان تورۇق ئات يۇلقۇنۇپ ئېغىزدۇرۇقىنى شىرىقلىتىپ تۇرۇپتۇ. ھارۋىكەش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تىرەجەپ تارتىۋېتىپتۇ.

— ۋۇھ دەيمەن ۋۇھ! — دەيتتى ھارۋىكەش بايىقىدىن قاتتىغراق ۋاقىراپ.

قىزىرىپ پىشقان چىلان رەڭگىدىكى تۈكلىرى پاقىراپ تۇرغان، دۈمبىسىگە تۇخۇم قويۇپ قويسا بىمالال توختىغىدەك سېمىز تورۇق ئات بىر پۇشقۇرۇپ توختىدى. بېشىدىكى نەپىس گۈل كەشتىلەنگەن قارا دۇخاۋا دوپپىسى بىلەن ئۈچىسىدىكى جىگەرەڭ يېڭى چەپەرقۇت پەشمىتى گەۋدىلىك بەستىگە ياراشقان ھارۋىكەش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن قولىنى بوشىتىپ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن بۇغداي ئۆڭلۈك دۈگىلەكرەك كەلگەن يۈزى، قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئولتۇرۇشقان، ئەمما چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ماڭا تونۇشتەك ئىللىق كۆرۈندى. چاچ - ساقىلىغا ئاق كىرگەن بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ يېشىغا خاس بولمىغان بىر چاققانلىق بىلەن ھارۋىدىن پوككىتە سەكرەپ يەرگە چۈشتى - دە، — ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئىنىم - ئامان كېلىپسىلە، — دەپ سالام بىلەن قولىنى ماڭا ئۇزاتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشىمۇسىلە — دېدىم — دە، ئۇ كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم.

— مېنى تونۇمايۋاتىدىلاغۇ ئەمەت ئەپەندىم، — دېدى ئۇ كىشى ماڭا تەئەججۈپلىنىپ قاراپ.

— ھە، ياق - ياق، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ.

راس گەپنى قىلغاندا بۇ ئادەمنىڭ چىرايى ماڭا تونۇشتەك كۆرۈندى — يۇ، دەماللىققا ئۇنىڭ زادى كىملىكىنى تولۇق ئەسلىيەلمىدىم.

— چوڭ يەردە خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇچرىشىدىغان تونۇش - بىلىشلىرىمۇ جىق بولىدۇ ئەمەسمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن چېغى، بىز كونا تونۇشقۇ، «بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دەپ بۇندىن 10 يىل بۇرۇنمىسىدا، بىرىنچى ئايدىغۇ دەيمەن، بىزنىڭ ئايالنى داۋالاتقىلى ئۈرۈمچىگە ئەپچىققاندا دوختۇرخانىغا ياتاققا ئالدۇرۇپ قويغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇ ئالەم - بۇ ئالەم زىنھار ئۇنتۇپ قالمايمىز ئەپەندىم، مۇنۇ كۆزلۈك يىغىم ئىشلىرىدىن قولۇم بىرەز بوشىسا ئۈرۈمچىگە ئاتايىتەن چىقىپ، ئۆزلىرىنى بىر يوقلاپ كېلىش نىيىتىمىز بار ئىدى. بۈگۈن مانا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كۆرۈشۈپ قالدۇق. بۇمۇ بىر

ياخشىلىقىنىڭ ئالامىتى، — ھارۋىكەش مېنىڭ قولۇمنى تۇتقان پېتى سۆزلەۋاتاتتى. مانا ئەندى مېنىڭ ئېسىمگە كەلدى. ھەي تونىيالمىغىنىمنى، بۇ توختاخۇنكام ئەمەسمۇ؟

— مەن دىمەملا توختاخۇنكا، يېپ - يېڭى ھارۋىدا تويغا بارغاندەك قېتىۋېلىپ كىشىگە تونۇشلۇق بەرمەي، — چاقچاق بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدۇم.

— ھا، ھا، ھا! — توختاخۇنكام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ شادىيانە كۈلكىسىدىن تورۇق ئات چوچۇپ بىر يولقۇنۇۋىدى، ھارۋا جايىدىن قوزغالدى. توختاخۇنكام ئاتنى توختىتىپ مېنىڭ ئۆي ئىچىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا لايىقىدا جاۋاپ بېرىپ ئۆز نۆۋىتىمدە:

— ئوغۇللىرىڭ ئايلام ھازىر سەللىمازا سالقىيىپ كەتكەندۇ؟ قىزلىرى مايمۇنخان، نەۋرىلىرى ساق - سالامەت كېتىۋاتامدۇ؟ — دىدىم.

— مانا، ھازىرلا ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈشىم سىلىنىڭ كارىز مەھەللىرىگە يەنە شۇ بۇرۇنقى كونا ئىش بىلەن كەلدىم. ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئۆزلەنى يوقلاشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن، نىيىتىم توغرا بولغاچقا مانا كېلىپلا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— ھەق سۆز، ھەق سۆز. ناھايىتى كاتتا ئىش بولدى - دە، مەن ئۆزلەگە ئورۇن راسلاي جۇمۇ، — توختاخۇنكام دىدى — دە، ھارۋىغا بۇرۇلۇپ ھارۋىنىڭ ئىچىدىكى تاغارلارنى رەتلەشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ھەركىتىگە قاراپ تۇرۇپ، بۇ كىشى بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىمنى ئەسلەشكە باشلىدىم:

«مەن توختاخۇنكام بىلەن تۇنجى قېتىم 1957 - يىلى يازدا ئۇچراشقان ئىدىم. ئۇ چاغدا مەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئىدىم. تۇرپانغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاشقا بېرىپ، توختاخۇنكامنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتىدەك تۇرغان ئىدىم. توختاخۇنكامنىڭ ئاتىسى تۆمۈر ئاكا قوشاقچى ئادەم بولۇپ مېنىڭ ئىشىمغا ناھايىتى چوڭ ياردەم بەرگەن ئىدى. كېيىن مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. توختاخۇنكام ھەر قېتىم ئۈرۈمچىگە چىققاندا مېنى ئىزلەپ تۇرپاننىڭ قوغۇن، ئۈزۈم، يەل - يېمىشلىرىدىن سوغا - سالام ئېلىپ ئۆيۈمگە كېلەتتى. بىزنىڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشىمىز بۇندىن 10 يىل بۇرۇن يەنى 1972 - يىلى 1 - ئايدا بولغان ئىدى. مەن شۇ كۈنى ئىشتىن كېلىپ قولۇمغا ئەندىلا تاماق قاچىسىنى ئېلىشىمغا ئىشىك تاقىلدىدى.

— كىم ئۇ؟ — دىدىم ئىشىككە قاراپ.

سىرتتىن «مەن توختى»- دىگەن ئاجىز، ئاينىچلىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— كىرىڭ، — دىدى ئايالىم ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئىشىك ئېچىلدى. بوسۇغىدا بېشىدا كونا تۇماق، ئۇچىسىدىكى مازلىرى چىقىپ قالغان كالتە چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن كونا، كىر چۈچىلىق ياغلىق بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان توختاخۇنكام شۈمشىيىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى بۇ ھالدا كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. شۇ ۋەجىدىن قولۇمدىكى تاماق ئۇسسۇلغان چىنىنى كۆتەرگەن پېتى ئۇنىڭغا قاراپ تاڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. توختاخۇنكام تىكىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭۈپ، ئۇستىخانلىرى دۈمبىيىپ چىقىپ قالغان، يۈزى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكىنى چىشلىدى، - دە، شاررىتىدە كەينىگە بۇرالدى. مەن شۇ چاغدىلا ئېسىمگە كەلدىم ۋە:

— ۋۇي نىمە قىلغانلىرى بۇ، ئۆيگە كىرسىلە، — دىدىم.

ئۇ تاماق يەۋېتىپ ھالىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ئۇنىڭ ئايالى نۇغۇلخان ئايلام كېسەل بولۇپ قاپتۇ. تۇرپاندا ساقايمىغاچقا بۇ يەرگە ئېلىپ چىقىپتۇ... دوختۇرخانىدا بەش كۈندىن بېرى بوش ئورۇن يوق دەپ بالنىستقا ئالماپتۇ.

— ھەي، ئون پارچە تونۇشتۇرۇشتىن بىر تونۇش ئەلا دىسە، بۇ نىمە دىگەن گەپتۇ دەپتىمەن. مانا ئەندى ئۆز بېشىمغا كېلىپ بىلدىم. ئەپەندىم، ئۆزلىرە بىر ئامال قىلىپ باقسىلا، — دەپ توختاخۇنكام ماڭا چوڭ ئۈمىت بىلەن قارىدى.

— بولىدۇ، شەھەرلىك دوختۇرخانىدا بىر تونۇش دوختۇر بار. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ نۇغۇلخان ئايالىنى چوقۇم بالنىستقا ئالدۇرىمىز، — دىدىم.

— ئاھايىتى ئوبدان ئەپەندىم. شۇنداغراق بولسۇن خۇدايىم بۇيرىسا، — توختاخۇنكام دۇئاغا قول كۆتەردى.

مەن ئۇنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ، دوختۇرخانىدىكى تونۇشۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ياردىم قولىنى سۇندى. نۇغۇلخان ئايلام بالنىستقا ئېلىندى . . .»

— ئەمەت ئەپەندىم، نىمىنى خىيال قىلىپ قالدىلا؟ — مەن توختاخۇنكامنىڭ بۇ سوئالىدىن چۆچۈپ كەتتىم. خىيالىم چېچىلىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام توختاخۇنكام ھارۋىدىكى كۆرۈنۈشىدىن ئاشلىق قاچىلانغانىدەك تۇرغان تۆرت تاغارنى قاتلاپ ئولتۇرۇشقا ئەپلىك قىلىپ قويۇپتۇ. مەن ئۈندىمىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ:

— قېنى، ھارۋىغا چىقىۋالسىلا، — دىدى.

مەن ھارۋىغا چىقىپ تاغارنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالدىم.

— دۇيت چۇھ! — توختاخۇنكام قامچىسىنى قولىغا ئالدى. تېپىرچەكلەپ تۇرغان ئات پۇشقوزۇپ يۈرۈپ كەتتى. توختاخۇنكام ھارۋىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئاتنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئايچىمغا چىدىماي ئالدىراۋاتىدۇ جانىۋار، — دىدى.

— ئايچىغى ماخودا قالغانمىدى؟ — سورىدۇم مەن. توختاخۇنكام ئاتنىڭ ساغرىسىدىن قولىنى دەرھال تارتىۋېلىپ ماڭا تەئەججۇپلىنىپ قاراپ قويۇپ:

— بىزنىڭ ئېغىلدا قالغان، — دىدى مەغرۇرلۇق بىلەن.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىسى ۋە سۆز ئاھاڭىدىن «مەن ھازىر ئۆتكەنكى بىر قوتۇر ئىشەكىمۇ يوق، يىلىگى ئۈزۈلگەن بىچارە توختى ئەمەس. ھازىر ئات - ھارۋام بار، قولۇمنى نەگە سۇنسام شۇ يەرگە يېتىدىغان ئادەممەن»- دىگەن ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ مەغرۇر قىياپىتىگە قىزىقىش بىلەن نەزەر سېلىپ تۇرۇپ:

— ۋاي — ۋوي، ئېتىم بار دىسلە، كارامەت ئىشقۇ بۇ، — دەۋەتتىم.

شۇ ئەسنادا كەينىمىزدىن غۇيۇلدىغان موتور ئۈنى ئاڭلاندى. مەن ئارقامغا ئۇرۇلۇپ قارىسام بىرنىڭ كەينىدىن بىرى غۇيۇلداپ ئۈچ موتوسىكلىت كېلىۋېتىپتۇ. موتوسىكلىتچىلەرنىڭ بېشىدىكى چەمەن دوپپىسىغا قاراپلا ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەرلىك ياشلار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم.

— ھوي، توختاخۇنكا، ئەندى قايتىشتىلامۇ، — دىدى ئۇلاردىن بىرى ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە.

— ھەئە، بۇگۈنكى تاماشاڭلار جايىدا بولغاندۇ، — دەپ توختاخۇنكام كېيىنىنىڭ ئايغىنى چىقارغىچە «بەخت» ماركىلىق موتوتقا مىنىۋالغان بۇ ئۈچەيلەن غۇيۇلدىغان پېتى بىرنىڭ

كەينىدىن — بىرى يىراقتىلا كېتىپ قالدى.

— بىزنىڭ مەھەللىمىز باللىلا، — دېدى توختاخۇنكام ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىپتىخار بىلەن قاراپ.

— ۋاي - ۋۇي، كارىز مەھەللىسى ياشلىرىنىڭ بەرى موتوتسىكلىتلىق بولۇپ كەتكەنمۇ نېمە؟ — دېدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن.

— ھازىرغىچە تېخى بەش ئائىلە موتوت سېتىۋالدى، ئۈچ ئائىلە كىچىك تىراكتور ئالدى. يەنە ئالمىغىز دىڭگۇچىلەرمۇ بار. كەپىنىڭ ئىللىسىنى دەيدىغان بولساق ئەپەندىم، مۇشۇ سىياسەت ئۆزگەرمەي كەتمەي ئىشىمىز مۇشۇنداقلا ماڭسا بىرەر - ئىككى يىلدىن كېيىن مەنمۇ موتوت - پوتوتتىن بىرەر - يېرىمىنى ئالارمەن، خۇدايىم بۇيرىسا، — توختاخۇنكام ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيتتى.

«مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەۋزەل» — دېگەن ماقال تازا جايىدا ئېيتىلغان ئىكەن. مەن تۇرپانغا كېلىشتىن ئىلگىرى يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېز يۈكسىلىپ، دېھقانلار بېيىپ تۇرمۇشى ياخشىلانغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. مەن ئەمەلىيەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەچكە بەلكىم شۇنداق بولسىمۇ بولغاندۇ، دەپ سەللا ئويلىغان ئىكەنمەن. مانا بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ تېخى ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈپ ئۇزۇن ماڭمايلا يېزىلاردىكى ئۆزگىرىشنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. توختاخۇنكام مېنىڭ چىرايىمدىن قەلبىمدىكى ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇلىرىمنى سېزىۋالغاندەك ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ قولىنى شىلتىپ ھاراۋىنى ئىتتىك تارتىپ كېتىۋاتقان تورۇق ئاتنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئاتنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ راۋۇرۇس ئات بالىسىكەن جۇمۇ توختاخۇنكا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ.

— بىر دېمىسىلە ئەمەت ئەپەندىم، بۇ ئاتنىڭ نەسلى ياخشى ئىدى. ھەي، بۇ ئاتنىڭ ئانىسى تورۇق بايتال ياشلا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، — توختاخۇنكام شۇنداق دەپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەمدى شادىيانە كۈلۈمسىرەشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولۇپ، تىرەن ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدىن ئاچچىق ھەسرەت ئارىلاش غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. مەن ئات توغرىسىدا گەپ قىلغىنىمغا پۇشايمان يەپ قالدىم.

— ئاۋۇ، ئاۋۇ! — توختاخۇنكام ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىپ ھاراۋىنى ئىككى قاسنىقىدا ئىگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئالتۇن تىللادەك سارغىيىشقا باشلىغان ئازادە ئاسفالىت يولدىن سول تەرەپكە بۇرىدى. ھاراۋا ئىككى يېقىدىكى بوك ئۆسكەن، قىزىرىپ پىشقان، ئۈششاق مېۋىلىرىنىڭ بۇلۇقلىقىدىن شاخلىرى يولغا ئېگىلىپ كەتكەن جىگدە دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان تۇپا يولغا كىرگەندە سۈرئىتى ئاستىلىدى. ئارىنى جىم - جىتلىق قاپلىدى. مەن ئات توغرىسىدا گەپ چىققان ۋاقىتتىكى توختاخۇنكامنىڭ قىياپىتىنى ئويلاپ قالدىم — دە، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، بىر سوراپ كۆرۈش قارارىغا كەلدىم ۋە:

— توختاخۇنكا، سىلى بۇ ئاتنى بەك ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىلا نېمە، — دېدىم گەپكە سالماقچى بولۇپ.

توختاخۇنكام ئاتنىڭ گېپى چىقمۇدى، جانلىنىپ كەتتى. ئۇ خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ھاراۋىنى بىمالال تارتىپ پۇش-

قۇرۇپ ئويناقلاپ كېتىۋاتقان ئاتقا زورۇقلۇنۇپ ئۇنىڭ ساغرىسىنى سىلاشقا باشلىدى ۋە:

— مەن بۇنى ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن، قانداق دېسىلە ئەپەندىم، بىز بۇ تورۇق ئات بىلەن تەقدىرداش ئەمەسمۇ، — دېدى مېيىغىدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەن پەيتنى غەنىمەت بىلدىمدە:

— توختا خۇنكا، پۇلنى قىسقارتساق بولاتتى، — دېدىم. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەكلا تورۇق ئات توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

«ئاتامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە مەن ئىككى ئايلىق بولغاندا ئاپام رەھمەتلىك قازا قىلىپ كېتىپ، مېنى كىچىك ئاپام ئېمىتىپ چوڭ قىلغان ئىكەن. مېنىڭ بۇ قەدىناس تورۇق ئېتىمۇ تۇغۇلۇپ تۆت ئاي بولغاندا ئۇنىڭ ئانىسى تورۇق بايتال ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. ھەي ئىست! نەسلى بەك ياخشى ئات ئىدى. بۇ 1968- يىلى ئەتىيازدا بولغان ئىش. ئۇ چاغدا مەن دۆينىڭ ئۇلاق باققۇچىسى ئىدىم. بۇ ئىشنى باشتىن سۆزلىسەم مۇنداق بولغان ئىدى.

مېنى 1960 يىلى ئەتىيازدا ئەترەتنىڭ ئۇلاقلىرىنى بېقىشقا بەلگىلىدى. ئەترەتنىڭ تېرىش، يىغىش، توشۇش دېگەندەك پۈتۈن ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى مەن بېقىۋاتقان ئات - كالىلار بىلەن بولاتتى. مەن «بۇ ئات - كالىلار ئەترەتنىڭ جان تومۇرى. ئەزالار ماڭا ئىشىنىپ بۇلارنى بېقىشنى تاپشۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماسلىقىم كېرەككۇ» - دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا مەن ئۇلاق باققۇچى بولۇپ ئەتىسلا بىزنىڭ ئايىلىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي يوتقان - كۆرپەمنى ماخونىڭ دەرۋازىسى تۈۋىدىكى كىچىك ئۆيگە ئەكىلىۋالدىم. كېچە - كۈندۈز دېگەندەك ئات - ئۇلاقلاردىن ئايرىلمىدىم. ئىنچىكە سەپ - سېلىپ كۆزىتىش ئارقىلىق قايسى ئۇلاقنىڭ مىجەزى قانداق؟ قايسى يەم - بوغۇزغا ئامراق؟ قانداق ئىشقا ياپ كېلىدۇ؟ ... بۇلارنى پىششىق ئىگەللەپ چىقتىم. ئۇلاقلارنىڭ ئورۇق سېمىزلىكى، مىجەزىگە قاراپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بولدۇم. ھەر بىر مالغا لايىقىدا قارىدىم. ئادەم قولاقتىن سەمىرەر، مال تۇياقتىن ئەمەسمۇ، ئېغىل - قوتانلارنى پات - پات قۇرۇغداپ تازىلاپ تۇردۇم. ئۇلاق ئىشلەتكۈچىلەرگە ئۈچ تۈرلۈك تەلەپ قويدۇم. بىرىنچى، ئۇلاقنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش، ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ئىشلىتىۋەتمەسلىك، ئىككىنچى، ئىشقا قاراپ مۇۋاپىق ئۇلاق تاللاش، ئۈچىنچى، ئۇلاق ۋە جابدۇق، سايمانلارنى ئاسراش. مېنىڭ بۇ تەلەپلىرىمنى كۆپچىلىك ئەزالار قارشى ئالدى. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇلاق ئىشلەتكۈچىلەر بارا - بارا ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ ماخويىمىزدا بۇ بىر قائىدە - تۈزۈمگە ئايلاندى. قىلغان ئەجرىم بىكار كەتمىدى. ئات - كالىلار سەمىرىپ، موزاي، تايچاقلار تېز چوڭلىدى. شۇ يىلى كۈزلىكى مەن گۇڭشې بويىچە «ئۈلگىلىك ئۇلاق باققۇچى» بولۇپ تەقدىرلەندىم. تېخى ناھىيىگە بېرىپ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا بەش يىل «ئۇلاق بېقىش نەمۇنىچىسى» بولدۇم.

1966- يىلى يازدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ھەممە ئىش ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. 1968- يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە گۇڭشېدىكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئەلەم كۆرشى ئەدەپ، يۇرتنى پاراكەندىچىلىك قاپلاپ، ئەنسىزچىلىك كۈچىيىپ كەتتى.

بىر كۈنى مەن بېقىۋاتقان ئوتتۇز ئاتنىڭ يىگىرمە تۇققۇزىنى ئېلىپ كېتىپ، ئېغىلدا

پەقەت تۇغۇلغىنىغا تۆت ئايلا بولغان مانا مۇشۇ قەدىناسىم (قۇلا تايچاق) بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى تورۇق بايتال قالغان ئىدى.

مەن ئەمدى ئۆيگە ئەتىگەنلىك ناشتىغا باراي دەپ، دەرۋازىغا قولۇپ سېلىپ تۇرۇشۇمغا، مەھەللىمىزدىكى ئاۋۇت ئاخۇنىنىڭ ئوغلى 24 ياشلارغا كىرىپ قالغان گايىت ئالدىراش يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەپتىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەندەك تۇراتتى. ئۇ تېز - تېز نەپەس ئېلىپ ھەسىرىگەن پېتى:

— توختا. نەگە بارماقچىدىڭ؟ ھازىرلا ماڭا يارامىلىق ئاتتىن بىرنى ئەپچىقىپ بەر!— دەپ ۋاقىرىدى.

— ھەي ئىنى، مەن پاڭمۇ؟ بۇ يە تۈگمەن بولمىسا، ئاستىراق گەپ قىلساڭمۇ مەن ئاڭلايمەن ئەمەسمۇ،— دېدىم ئۇنىڭ قوپال ۋاقىرىشىغا ئاچچىغىم كېلىپ.

— سەن تېخىچە بىلمەيۋاتامسەن؟ بۇ قانداق ۋاقىت؟ ئىنقىلاپ دېگەن كەشتە تىكىش ئەمەس. ئۇ مۇلايىملىق يۇمشاق گەپنى كۆتۈرەلمەيدۇ،— گايىت شۇنداق دەپ ماڭا بىر ئالايدى -دە، يېنىمدىن غۇرلا قىلىپ ئۆتۈپ دەرۋازىنى پۇتى بىلەن قاتتىق تەپتى!

— مىنىدىغان ئاتلارنى باياتىن ئېلىپ بولۇشتى، ئەندى ئېغىلدا ماڭا يارىغىدەك ئات قالمىدى،— دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ.

— توختى، سەن تولا خۇپسەنلىك قىلما! ئەترەتنىڭ قانچە ئېتى بارلىغىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ تورۇق ئاتنى نەگە سوقۇپ قويدۇڭ؟— ئۇ شۇنداق دېدى -دە، خۇددى سوقۇشقاق چۈجە - خورازلاردەك ئالدىمغا ھۇرپىيىپ كەلدى.

گايىتنىڭ سەل ئالدىدا ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تورۇق بايتالنىمۇ ئالىمىز دېگەندە، مەن ئۇ-لارغا خېلى نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپ بەرمىگەن ئىدىم.

— گايىت ئاخۇن ئىنى، سەنمۇ بىلىسەن،— دېدىم مەن ئۇنىڭغا،— تورۇق بايتال قولىنىمچە بەك قىيىنىلىپ كاردىن چىقىپ كەتكەن، مەن تۆت ئايدىن بۇيانغا تۇغۇتلۇق مەزىنى باققاندەك ئۇنىڭغا قاراپ تېخى مانا ئەندىلا ماغدىرىغا كەلدى. ئۇ سىلەرنىڭ چاپتۇرۇشلىرىڭلارغا چىدىماسمىكەن.

— چىدامدۇ، چىدىمامدۇ، سېنىڭ نېمە چاتىغىڭ؟ ئىنقىلاپقا ئېھتىياجلىق بولمىدىكەن، نېمىلا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئالىۋېرىمىز. ھۆتوت - پۆتۈت دېمەي ئاچ دەرۋازىنى!— گايىت شالىنى چېچىرىتىپ ۋاقىرىدى.

مەن تورۇق بايتالنىڭ ھالىنى تولۇغراق چۈشەندۈرسەم ئالماي كېتىپ قالار دېگەن ئوي بىلەن:

— گايىت ئاخۇن ئىنى،— دەپ ئېغىز ئېچىشىمغا ئۇ:

— ھوي، قۇرۇق گەپىڭنى قويۇپ دەرۋازىنى ئاچ، تورۇق بايتالنى زادى ئالىمەن،— دېدى ھەيۋە قىلىپ.

مېنىڭ ئاچچىغىم كېلىپ جۇدۇنۇم ئۇرلىدى. «تاشقا شۇنچىلىك ئەجرە بىلەن ئەقىدە قىلىپ سۆزلىگەن بولسام ئېرىمىگەن تەقدىردىمۇ يۇمشايتتىغۇ» دېگەننى ئويلاپ ئاچچىغىمدا:

— ئەنە قوتان، ئالىمەن دېسەڭ ئۇن بەش كالا تۇرۇپتۇ، خالىغىنىڭنى تۇتۇۋال!— دەۋەتتىم.

— توختى! سەن ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل جۇمۇ، ھازىر يۇرتنى سوراۋاتقانلار بىزدەك ئوغۇل باللار. سەن قەستەنگە ساپ - ساق ئاتنى بەرمەي، ئىنقىلاپقا قارشى چىقىۋاتىسەن، خەپ توختا. ساڭا ئىنقىلاپنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام،—

گايىت شۇنداق دېدى-دە، ماڭا خۇددى يەۋەتمەيدىغاندەك ھومىيىپ قاراۋېتىپ قولۇمدىكى كىلىتنى يۇلۇپ ئالدى. ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ دەرۋازىنى ئاچتى-دە، ئېغىلغا كىرىپ تورۇق بايتالنى يېتىلەپ چىقتى. ئانىسىدىن ئايرىلىشقا چىدىمىغان قولا تايچاق كىشنىگەن پېتى چېپىپ كەلدى.

—ھۆي، كۆزۈڭ كورمۇ؟ يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ تايىنى تۇتۇۋېلىپ ئەپ قال،—دېدى گايىت ئاتقا ئىگەرنى توقۇۋېتىپ.

مەن ئەندى ھەر قانداق گەپ-سۆزنىڭ پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلىپ قولا تايچاقنى تۇتۇۋالدىم. ئۇ ئانىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئايرىلىشقا قىيماي تىرەجەپ تۇرىۋېلىپ ماڭمىدى، مەن ئاچچىغىمدا ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ، تەستە ئېغىلغا كىرىپ سولاپ قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن گايىت تورۇق بايتالنى مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. بىردىنلا ئاچچىغلىنىپ يۈرۈپ تورۇق بايتالغا بوغۇز بەرمىگىنىم ئېسىمگە كەلدى. مەن شۇ زامات گايىتنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپ ئەندىلا ئىككى يۈز قەدەمچە ئۈزاپكەتكەن.

—توختا، ئاتقا بوغۇز ئېلىۋال! —دەپ ۋاقىردىم.

گايىت جىملا كەينىگە ياندى، مەن تاغارغا بوغۇز قاچىلاپ گايىتقا سۇنۇپ بېرىۋېتىپ تورۇق ئاتقا چىدىمىدىم. مەن:

—گايىت ئاخۇن ئىنى، بۇ ئات ئەندى يېڭىلا تۇزەلدى، ئاسراپ مىنسەڭلار، ئىتتىك چاپتۇرۇپ كېلىپلا سۇغارماڭلار، بىر ئاز تەر قۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالغاندا سۇ ئىچسۇن،—دېۋىدىم، ئۇ قولىنى شىلتىشقا باشلىدى:

—ھەي توختى، سەن ھازىر كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىڭنى تېخى بىلمەيۋاتامسەن؟ گايىت سىلىڭ دېگەن مەن. سەن ھوشۇڭ بىلەن گەپ قىل جۇمۇ؟ سېنىڭ ئۆتكەنكى بىر يوردۇش ئولاق باشقۇرۇش دېگەن بىرنىمىلىرىڭ ئەندى زادى ئاقمايدۇ. بىز تۆت كۈننىڭ كۆلىنى ئاللىقاچان كۆككە سورۇۋەتسەكمۇ سەن يەنىلا جاھىللىق بىلەن ئاشۇ نىمىلىرىڭگە چىڭ يېپىشىۋېلىپ يۈرەمسەن؟ خەپ توختا.— گايىت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ شۇنداق دېدى-دە، تورۇق ئاتنىڭ ساغرىسىغا «قارس» قىلىپ قاتتىق بىر قامچا سالدى. قامچىنىڭ تېگىشىنى كۈتمىگەن ئات ئۆرەنلەپ سەكرەپ كەتتى-دە، ئالدىغا قاراپ تاراسلاپ چېپىپ توپا توزۇتقان پېتى كۆزدىن غايىپ بولدى.

مەن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. قۇلىقىمدىن گايىتنىڭ «خەپ توختا!»— دېگەن قوپال ئاۋازى كەتمەيتتى، ئۇ ئىككى يىل بۇرۇن ئەتىرەتنىڭ ئېتىنى ئاسرىماي، كېسەل بولۇپ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغانلىقتىن، ئەترەت ويېچە ئېچىلغان ئەزالار يىغىنىدا ئۇ ئۆزىنى تەكشۈرگەن ۋە ئاتنى داۋالىغان بەش يۈەن دورا پۇلىنى تۆلىگەن ئىدى. ئۇ چاغدا مەن ئولاق باققۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن، گايىتنىڭ ئولاق ئىشلەتكەندە ئولاقنى ئاسرىمايدىغانلىقىنى ھەقلىق يوسۇندا كۆرسىتىپ قويغان ئىدىم، بۈگۈن ئۇنىڭ «خەپ توختا!»— دېگىنى ئەنە شۇنىڭ ھېساۋىنى ئالىمەن دېگىنى ئىدى.

گايىت كىچىكىدىنلا كەپسىز، دۇدەن بولغاچقا تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭغا «گايىت مالىمان» دەپ لەقەم قويۇشقان ئىدى. ئۇ دائىم مەھەللىدە ئىت ئويناپ، توخۇ سوقۇشتۇرۇپ يۈرەتتى. كۈندە ئۇرۇش-جېدەل چىقىرىپ، يۈزىدە قاچانلا قارىسا تىرناق ئىزى تۇراتتى. ئۇ ئىشقا يارىمىغىدەك بولغاندا ئۇترەت باشلىقى ئۇنى ئېتىز ئىشىغا بۇيرۇسا، ئۇ«ھارۋا ھەيدەيمەن»— دەپ تۇرىۋالاتتى، ئىش خوشياقماس جاپدۇق بۇزار

دېگەندەك، گايىت ئىشلەتكەن ئۇلاق، ھارۋا جابدۇقلىرىنى پەقەت ئاسرىمايتتى، بەزىدە يېڭى ئاغامچىنى ئىككى-ئۈچ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ كەلسە، بەزىدە ئاتنىڭ جاۋۇنى ياكى قوجقۇنلىرىنى ئۈزۈپ كېلەتتى. ئۇلاقنىڭ بولسا بويىنى بولامدۇ، ياكى دۈمبىسىمۇ، ئىشقىلىپ ئويلىمىغان بىر يېرى يېغىر ياكى جاراھەت بولاتتى. مەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ تېخى كىچىك بالىغۇ دەپ ئۇلاق ۋە جابدۇق-سايمانلارنى ئاسرىغىن، دەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدىم. لېكىن «ئۆگەنگەن خۇيىنى ئۆلگىچە تاشلىماس» دېگەندەك، گايىت قىلمىدىغىنىنى قىلىپ يۈردۈمىدى.

1966-يىلى 6-ئايدا بۇغداي ئورىمىسىنىڭ تازا قاتلاڭ كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، گايىت ئېتىزلىقتىن ھارۋا بىلەن خامانغا باغ توشۇدى. ئۇ كىچىك زېرىنكە چاقلىق ھارۋىغا «ياغ تاپان» لەقەملىك قارا ئاتنى قوشۇۋالغان ئىدى. لەقەمىدىنلا قارا ئاتنىڭ قاشاڭلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. «ياغ تاپان» قاشاڭ بولغىنى بىلەن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنداي ھېرىپ قالمايتتى. داۋان، قۇملۇق يوللاردىمۇ ئېغىر يۈك بىلەن ھارۋىنى ئوخشاشلا تارتىۋېرەتتى. گايىت شۇ كۈنى ئېتىزدىن خامانغا ئىككى نۆۋەت باغ توشۇدى. كۆرگەن كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۈچىنچى ھارۋا باغنى بېسىپ يولدا خامانغا كېلىۋېتىپ «ياغ تاپان» نى تېز ماڭمىدى دەپ، تومۇر ئارىنى ئاتنىڭ تېقىمىغا ئۇرۇۋېتىپتىكەن، ئارىنىڭ ئۇچى ئاتنىڭ تېقىمىغا كىرىپ كېتىپتۇ، چۈشكە يېقىن ئۇ ئاتنى ماخۇغا ئېلىپ كەلگەندە، بىچارە ئاتنىڭ ئوڭ تەرەپ تېقىمىدىن قان ئېقىپ تۇرۇپتۇ. مەن دەرھال كېگىزنى كۆيدۈرۈپ يارىغا بېسىپ قاننى توختاتتىم، كېيىن بۇ ئاتنى مال دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ داۋالاتتىم، لېكىن ئۇ ئات شۇ يارا سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى، بىر تىلسىز ھايۋانغا مۇشۇنداق قىلغان ئادەمدىن ياخشىلىق كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟ مەن شۇنى ئەسلەپ ماخۇدىن ئۆيگە كېلىپ قالغىنىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن.

گايىت شۇ كۈنى كەتكىنىچە ناھىيىدىن ئۈچ كۈندە قايتىپ كەلدى. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپلەرگە قارىغاندا گايىت شۇ قېتىم كۈرەشتە خىزمەت كۆرسەتكەنمىش. ئۇ شۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ گىدىيىپ كەتتى، شۇ نۆۋەت ئاتلار خېلىلا ئېتىمدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ، گايىت مىنىپ كەتكەن تورۇق بايتالنىڭ ساغرىسى قامچىدا يېرىلىپ جاراھەت بولۇپ كېتىپتۇ. دۈمبىسىنى ئىگەر بېسىپ يېغىر قىلىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، تۆت پۇتىنى بىر يەرگە يىغىپ دۈغدىيىپ ئىچىنى ئۇرۇپ تۇرغىنىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى، ھەي، گايىتنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئۇلاقنىڭ ھالى نېمە بولغاي، تورۇق ئاتنى سۇغارسام سۇ ئىچمەي، بوغۇز بەرسەم ئۇنىمۇ يېمىدى، مەن تورۇق بايتالنى مال دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردىم، قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشى باقتىم. ھەممىسى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى، ئون نەچچە كۈندىن كېيىن تورۇق ئات ئۆلدى، كىچىككىنە قۇلا تايچاق ئانىسىز يېتىم قالدى. ئۇ كىچىك بولغاچقا يىرىكرەك بوغۇزلارنى تازا دېگەندەك يېيەلمەيتتى، ئۇ ئانىسىنى ئىزلەپ ئىنچىكە ئاۋازدا «ئېي! ئېي!» قىلىپ، ھەر بىر كىشنىگەن چاغلىرىدا خۇددى بىرسى يۈرىكىمگە زىخ سانچىغاندەك ئازابلىناتتىم. ئېغىلدىكى تايلار ئانىسىنى ئەمگەن چاغلاردا، قۇلا تايچاق ئانىسىنى ئىزدەپ ئېغىلدا ئۇ ياندىن-بۇ يانغا چېپىپ بىر ھازا چۆگىلەپ كېتەتتى-دە، ھېرىپ قېلىپ ئىختىيارسىزلا تايچاقلىرىنى ئەمىتىۋاتقان بايتاللارنىڭ يېنىغا باراتتى، ئۇمۇ ئەمىتىۋاتقان تايچاققا ئوخشاش بويىنى

سۇدۇپ بايتالنىڭ ئەمچىكىگە ئەندىلا تۇمشۇقىنى تەككۈزەي دېگەندە، بايتال پۇشقۇرۇپ چاپچىپ ئۇنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى، بىچارە قۇلا تايچاق ئامالسىز نېرىسىغا بېرىپ ئانىسىنى ئىمىۋاتقان تايچاقلارغا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ بوينىنى قىسىپ، بىر پەس شۈك تۇراتتى-دە، چوڭ بىر نەپەس ئېلىپ پۇشقۇرۇۋېتىپ-مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، ئۆزىنى ماڭا سۈركەشكە باشلايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ مېنى يىغا تۇتۇپ كېتەتتى. مەن تۇغۇلۇپ ئارانلا ئىككى ئايلىق بولغاندا ۋاقىتسىز قازا تاپقان ئاپام يادىمغا كېلەتتى. ھەي، بالا ئۈچۈن دۇنيادا ئانىدىنمۇ قەدىرلىك، مېھرىۋان يېقىنى بولامدۇ؟ ھايۋان جىنىدا ئۆز ئانىسىنى نەقەدەر سېغىنىدۇ ھە؟! مەن ئۆزەمنى باسالماي ھاياجانلىنىپ قۇلا تايچاقنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ دەيتتىم:

— قايغۇرمىغىن قۇلا تايچاق، مەن سېنى بىر ئامال قىلىپ بېقىپ قاتارغا قوشىمەن. سەنمۇ ئاناڭ تۇرۇق بايتالغا ئوخشاش رەسىي ئات بولۇپ ئىشقا ياراپ بىزنى خوش قىلىسەن. قۇلا تايچاق خۇددى گېپىمنى چۈشەنگەندەك بېشىنى كۆتىرىپ، ئاۋال چاپىنىمنىڭ پېشىنى پۇرايتتى، كېيىن قولۇمنى يالايتتى. مەن ئۆيدىن چۈشلۈكى يېيىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن زاغرا ناننى قاچىغا سېلىپ سۇ قويۇپ ئېزىۋېتىپ بەرسەم قۇلا تايچاق ئۇنى زايا قىلماي يەۋالاتتى. باشقا بايتاللارنى ئەمگۈزۈپ ئۆگەتكەي دېسەم ئۇلارمۇ تورۇق بولغاچقا ئۆز بالىسىنىڭ ھىدىدىن ئارانلا چىقاتتى.

بىر كۈنى مەن ئايالىم ئوغۇلخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قۇلا تايچاقنى ئۆيدە بېقىشقا ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭغا ئۆيدە ياخشىراق ئىدى. ئايالىم ئېتىزغا بارسا ئوت - چۆپ ئالغاچ كېلەتتى، مەنمۇ ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئۆز دەمزىگە ئارانلا يېتىۋاتقان نورمىلىق قوناق ئۇنىمىزدىن ئىككى قېتىم ئوماچ چېلىپ بېرەتتىم. دەسلەپتە ئۇ يورقۇپ ئىچمەيدى، كېيىنچە ئۆگىنىپ كەتتى. بەزىدە ئۇنى ئىچمىگەن چاغلاردا يۇمشاق ساماننى سۇدا تازا ئوبدان ئېزىۋېتىپ يېزىپ، يۇمشاق ھەلەپ ئېتىپ بېرەتتىم. بىز ئەر - خوتۇن ئىككىمىز كۆڭۈل قويۇپ باققانلىقىمىزدىن قۇلا تايچاق تۆت ئايغا بارمايلا چوڭلا تاي بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ ئىچىكىپ كەتتىمكى، مېنىڭ ھويلىدا تۇرۇپ گەپ قىلغان، ھەتتا يۆتەلگەن ئاۋازىمنى ئاڭلىسىمۇ ئېغىلدا تۇرۇپ كىشنەپ ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى پۇتى بىلەن تاراقلىتىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى كەچتە ماخوردىكى ئۇلاقلارغا بوغۇز بېرىپ بولۇپ ئۆيگە كەلدىم. ئادىتىم بويىچە ئاۋال ئېغىلغا كىرسەم قۇلا تايچاق ئوت يەۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپلا يۈگرەپ يېنىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ تۇراتتىم. تۇيۇقسىزلا ھويلىنىڭ ئىشىكىنى كىمدۇ بىرى دۈك - دۈك ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئېغىلدىن چىقىپ ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئاچسام بىلىگىگە قىزىل لاتا باغلىغان ئىككى ياش بالا مېنى ئەترەت ئىشخانىسىدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا چاقىرغىلى كەپتۇ. مەن:

— ئۇكىلىرىم، ھازىرلا ماخوردىن كېلىپ تېخى كەچلىك غىزايىمنى يېمىدىم. قورسىقىمنى تويغۇزۇۋېلىپ باراي - دېسەم، ئۇ ئىككىسى مىختەك قادىلىۋېلىپ «ھازىر ماڭىسەن، بۇ گايىت جۈرىيىنىڭ بۇيرۇقى» - دەپ ئۇنۇمىدى. مەن ئىچىمدە «ھوي، تېخى تۈنۈگۈنلا گايىتنى ھېچكىم جۈرىي دېمەيتتىغۇ، بۈگۈن ئۇ جۈرىي بوپتىمۇ نېمە» - دەپ ئويلاپ ئاچ قورساقلا يىغىنغا كەتتىم.

ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ قورۇسىغا كىرسەم مەھەللىمىزدىكى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىسى يىغىلىپ بوپتۇ. قورانىڭ ئوتتۇرىسىغا

قويۇلغان ئۇستەل ئالدىدا گايىت تاماكىسىنى قىسقىر چىشلەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوڭ ئەترەت كادىرلىرى ئەڭ چېتىدە بىزنىڭ ئەترەتنىڭ يېڭى سايلانغان باشلىقى تۇردى ئورۇن ئېلىپتۇ. گايىت قېشىدا ئولتۇرغانلارغا بىر نىمە دەپ گۇدۇڭشۇپسىدى، ئەترەت باشلىقى تۇردى ئورنىدىن تۇرۇپ بۈگۈن ئاخشامقى يىپەن يىغىننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكالاپ گايىتنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. قاپىقىنى تۈرۈپ چىرايىغا سۈرلۈك تۈس بېرىشكە ئۇرۇنغان گايىت قولىنى پۇلاڭلىتىپ چىقىراق ئاۋازى بىلەن سۆزىنى باشلىدى. ئۇ دەستلەپتە دۇنيا ئىنقىلاۋى، دۇنيا ۋەزىيىتى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى يېرىم سائەت تەھلىل قىلدى. شۇ ئارىدا ئۇ ئۈن قېتىم چاي ئىچتى. سۆزىنىڭ ئىچىمىسى شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە كەلگەندە يېڭى باشلىقنىڭ نىمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭقىرالمىغان ئەزالار ئۇ يەر - بۇ يەردە پىچىرلىشىشقا باشلىدى. تۇردى ئورنىدىن تۇرۇپ «ئەگەر كىممىكى يىغىن تەرتىۋىگە رىئايە قىلمىسا ئىنقىلاۋي تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى» پەش قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەيۋىسىدىن ئۈركۈپ قالغان پىچىرلاشقۇچىلار جىمىقتى. گايىت شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى. ئۇنىڭ قۇلاقنى ياقمايدىغان چىقىراق ئاۋازى تېتىقسىز، قاملاشمىغان گەپلىرى يىغىن ئەھلىنى بىزار قىلىۋەتتى. قورادا رەسمى گۇدۇڭلىشىپ پاراڭلىشىش باشلىنىپ كەتتى. كىمنىڭ جىم ئولتۇرۇپ، كىمنىڭ پاراڭ سېلىۋاتقىنىنى ئاجرىتىشقا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا تۇردىنىڭ ۋاقىراپ قىلغان ھەيۋىسىمۇ ھېچنىمىگە دال بولالمىدى.

— ھەي يامان بولىدى، - دىدى يېنىمدا ئولتۇرغان ھامۇت ئاكا پىچىرلاپ، - سۆز تېخى ۋىلايەت، ناھىيە، گۇڭشېغا كەلمەيلا بۇ خەق چىرىقىدى - دە، بۇ ئادەملەرنىڭ ئىنقىلاۋي غەيرىتى نەگە كەتكەندۇ؟ - دىۋىدى، يېنىمىزدا ئولتۇرغانلار ھامۇت ئاكىنىڭ بۇ گېپىدىن پاراقلىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى. گايىت تۇيۇقسىزلا سۆزىدىن چىپ توختاپ قولىنى قاتتىق شىلتىپ:

— توختى، تۇر ئورنىڭدىن! - دەپ ۋاقىرىدى جان ئاچچىغى بىلەن. بۇ تەسادىپى ۋاقىراشتىن مەن چۆچۈپ كەتتىم - دە، ھېچنىمىنى ئاڭقىرالماي ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. گايىت ماڭا قولىنى بىيىپ تۇرۇپ باشلىغىنى يوقلا:

— دۈينىڭ ئۇلاق بېقىش مۇھىم ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، كوللېكتىپنىڭ ھولىنى كولىغۇچى بۇزۇق توختى! سەن بۈگۈن ھىساپ بېرىسەن، - دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئاندىن ئەترەت باشلىقى تۇردى سۆزگە تۇرۇپ، مېنىڭ جىنايى پاكىتلىرىمنى پاش قىلىشقا باشلىدى. ئۇ گايىتنىڭ كىچىگىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاغىنىسى ئىدى. تۇردىنىڭ سۆزىدىن كېيىن چوڭ ئەترەتنىڭ ئىككى كادىرى سۆزلىدى. سۆز نۆۋىتى ئەزالارغا كەلگەندە مەھەللىدىكى خورازلار كەينى - كەينىدىن چىللاشقا باشلىدى. گايىتنىڭ چوڭ ئاتىسى نىياز ئاخۇننىڭ ئوغلى مەئمۈلىك دىگەن ياش يىگىتنىڭ سۆزىدىن مېنى يىپەن قىلىش ئاخىرلاشتى. ئۇلارنىڭ پاش قىلىشىچە، مەن ئۇلاق باقىدىغان سەككىز يىل مابەينىدە بوغۇز قوناقتىن ئۈچ مىڭ جىڭ ئوغۇرلاپ، ئۇلاقلارنىڭ نورمىسىدا سەمىرىپ، ئاشقىنىنى يوشۇرۇنچە سېتىپ ھايانكەشلىك قىپتىمەن، ئەڭ ئېغىر جىنايىتىم ئىككى ئىكەن، بىرى - ئۇ يىل قىشتا گايىت جۇرىن ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ناھىيىگە ئاتلانغاندا، تۇرۇق بايتالنى يوشۇرۇپ قويۇپ بەرمەسلىككە ئۇرۇنۇشۇم، يەنە بىرى قۇلا تايچاقنى ئوغرىلىقچە ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىپ بېقىشىم. مېنى ئۇلاقلارنىڭ نورمىسىنى ئوغرىلاپ،

قانداق ساتقانلىقىم، قانداق ۋە كىملەر بىلەن يېگەنلىكىمنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىدى. مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي:

— قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەنكى، مەن ئىسمىنى تېپىپ تا ھازىرغىچە كىشىنىڭ بىر چىشلەم ھەققىنى يېمىدىم. ئۆزەمنىڭ ئەجرەمگە تايىنىپ ھالاللاپ يەپ كەلدىم. ئۇلاقلارنىڭ نورمىسىدىن بىر تال دان، بىر پارچە كۆنىجۈرە، بىر سېيۋەت سامانىنى ئالغان بولسام بويىنۇم قىل بىلەن باغلاقلىق، — دەپ راست گەپىنى قىلۋىدىم، گايىت باشلىق بىر نەچچىسى ئېتىلىپ ئالدىمغا كەلدى — دە، ياقامدىن ئېلىپ: «زەھەر چېچىۋاتقان ئاغزىڭ مۇشۇمۇ» — دەپ ئاغزىمغا ئۇرۇپ، ئوتتۇرىدىكى ئىككى چىشىمنى چۈشۈرۈۋەتتى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا مېنىڭدىن ماخۇنىڭ كېلىمىنى ئېلىۋالدى. گايىت مېنىڭ پوزىتسىيەم ئىنتايىن جاھىل بولسىمۇ مەن يەتمىش پۇشتۇمدىن تارتىپ ئېزىلگەن كەمبەغەل دېخان بولغانلىقىمنى كۆزدە تۇتۇپ، «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقى كىيگۈزۈلگەنلىكى، لېكىن بۇ قالپاقنى ئىنقىلاۋى ئامما قولىدا تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئەگەر مەن ياخشى ئۆزگەرمەي ئىنقىلاپ بىلەن قارشىلاشسام رەسمى قالپاق كىيگۈزۈلىدىغانلىقى، مېنىڭ ئەتىدىن باشلاپ ئۇلاقلارنىڭ بوغۇز — سامانلىرىدىن ئۈستۈمگە ئارتىلغانلىرىنى تولۇق تۆلىشىم شەرتلىكىنى جاكالىدى.

. . . . . .

توختاخۇنكام سۆزدىن توختاپ قالدى. ئۇ ئاتىنىڭ ساغرىسىدىكى قارا ۋە قىزىل قىلدىن چىرايلىق توقۇلغان دۈمبىلىككە ئېسىلغان ياغاقتىن چوڭ بىر جۈپ مىس قوڭغۇراقنى تۈزەپ قويۇپ، چىرايلىق گۈل كەشتىلەنگەن تاماكا خالتىسىنى چىقىرىپ، غازىدا تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ئۇ ئىككى — ئۈچنى شوراپ ئىچىگە سۈمۈرۈپ كۆكۈش ئىسنى بۇدەپ بۇرۇن تۆشۈكىدىن چىقىرىۋەتتى — دە، غازىسىنى ماڭا ئۇزاتتى.

— رەھمەت، مەن تاماكىدىن چىقىپ كەتكىلى بىر يىلدىن ئاشتى، — دەپ غازىنى ئالمىدىم.

ئارىدىن بىر پەس جىم — جىتلىق باستى.

— كېيىن قانداق بولدى؟ — سورىدۇم مەن ئىچىم پۇشۇپ. توختاخۇنكام غازىنى بىر نەچچىنى قاتتىق شورىۋېتىپ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

«— مېنىڭ ئۇلاق باققۇچىلىقتىن قالدۇرۇلۇشۇم قولا تايچاققا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇ ئەتىسىلا ماخودىن بىزنىڭ ئۆيگە قېچىپ كەلدى. شۇ كۈنى مەن ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن كەتمەننى مۈرەمگە سېلىپ ئەندىلا ئىشىك ئالدىغا چىققان ئىدىم. يىراقتىنلا قولا تايچاق كىشنىگەن پېتى تاقىلاقلاپ چېپىپ ئالدىمغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاپپاق تۇمشۇغىنى كۆتىرىپ كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ، ماڭا تەلمۈرگىنىچە تېز — تېز نەپەس ئالاتتى.

— سېغىندىڭمۇ؟ چىدىماپسەن — دە، بېچارە، — مەن ئۇنىڭ بويىنىنى تۇتۇپ، دۈمبىسىنى سىلاشقا باشلىدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنى سۈركەپ چاپىنىمنىڭ پېشىنى پۇراشقا باشلىدى. كېيىن قولۇمنى يالىدى. بۇ ئۇنىڭ «بوغۇز يەيمەن» دېگىنى ئىدى. ھەي بېچارە، يېڭى ئۇلاق باققۇچى ھارۇت ئاكا ساڭا ئايرىم ئوقۇرغا بوغۇز بەرمەپتۇ — دە، چوڭ ئاتلار سېنى يات كۆرۈپ ئوقۇرغا يېقىن كەلتۈرمىگەندۇ تايىن، مەن شۇنداق دېسەم ئۇ خۇددى گېپىمنى چۈشەنگەندەك، كىچىككىنە چىرايلىق قۇيرىقىنى شىپاڭشىتىپ تىپچەكلەپ كەتتى. مەن تايىنى ئېغىلغا ئەكىرىدىم ۋە سامان يۇيۇپ ھەلەپ ئېتىپ بەردىم.

ئۇ ھەلەپنى يەپ بولۇپتى، كەينىمدىن ئەگىشىپ تۇرۇپ ماخوغا ئەپكەلدىم. ئۇنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپلا كەينىمگە يېنىشىمغا ئۇ «ئېي، ئېي، ئېي!» قىلىپ كىشنىگەن پېتى چېپىپ يېنىمغا كەلدى – دە، ئانىسىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان كىچىك بالىدەك ئۆزىنى ماڭا سۈركەشكە باشلىدى. شۇ چاغدا بىردىنلا رەھمەتلىك ئاپام ئېسىمگە چۈشتى – دە، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، پاڭگىدە يىغلىۋېتىشتىن ئۆزەمنى تەسلىكتە بېسىۋالدىم. كۆز چانىقىمغا پاتماي يۈزۈمگە ئېقىپ چۈشكەن ئىسسىق تامچە ياشنى يېڭىم بىلەن ئېرتىۋەتتىم. «ھەي، تورۇق بايتال ئۆلمىگەن بولسا قۇلا تايچاقمۇ باشقا تايچاقلارغا ئوخشاشلا ئەركىن يۈرمەسمىدى؟ قوسىقى سۈتكە تويۇپ بىر ئوبدان ساغلام ئۆسمەسمىدى؟» – مەن شۇلارنى ئويلاپ قاقىقان قوزۇقتەك ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قاپتىمەن.

– توختاخۇن، قۇلا تايچاقنى ئەپكەلدىڭمۇ؟ – مەن كەينىمدىن تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتىپ كەينىمگە قارىسام يېڭى ئۇلاق باققۇچى ھامۇت ئاكا گەپ قىلىۋېتىپتۇ. ھامۇت ئاكا ئاقكۆڭۈل، ئىشچان دېخان ئىدى. بوغۇزۇمغا بىر نەرسە تاقىشىپ قالغاندەك دۇدۇقلاپ ئۇنىڭغا تەستە جاۋاپ بەردىم:

– ھېلى ئېتىزغا ماڭاي دەپ ئىشىككە چىقسام بۇ قۇلا تايچاق كېلىپ قالدى. مەن بۇنىڭغا ئازراق بوغۇز بېرىپ قوسىقىنى تويغۇزۇپ بۇ يەرگە ئەكىلىشىم.

– ھەي، بۇنىڭ ئانىسى تورۇق بايتال جىق ئات بالىسى ئىدىدە. بىچارە ھەل ئۆلۈپ كەتتى، – دېدى ھامۇت ئاكا ئېچىنىپ.

– شۇنى دېمەمسەن ھامۇت ئاكا، ياخشى ئادەم، ياخشى مالنىڭ ئۆمرى شۇنداق قىسقا بولىدىكەن. ھامۇت ئاكا، بۇ قۇلا تايچاق يۇمشاق سامانىنى پاكىزە يۇيۇپ ئېتىپ بەرگەن ھەلەپنى ياخشى يەيدۇ. چوڭ ئاتلار ھەم قاچان بۇنى يات كۆرۈپ چاپچىپ ئوقۇرغا يېقىن كەلتۈرمەيدۇ، مەن ئېتىزغا ماڭاي، – دەپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم.

ھامۇت ئاكا:

– توختى، سەن خاتىرجەم بول، قۇلا تايچاققا ئەندى مەن بار، – دېدى.

مەن ئېغىلدىن چىقىپ كەتتىم. مېنىڭ كەينىمدىن ھامۇت ئاكا ئېغىلنىڭ ئىشىگىنى ياقىۋالدى. «ئېي، ئېي، ئېي!» – قۇلا تايچاق مېنىڭ كېتىۋاتقانلىقىمنى تۇيۇۋېلىپ، ئېغىلنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ چاپچىپ كىشنەشكە باشلىدى. شۇ تاپتا مېنىڭ كۆكسۈمگە خۇددى ئۆتكۈر تىرناقلىق بۈركۈت چاڭگال سالغاندەك يۈرۈكۈم سىقىلىپ، پۈتۈن بەدىنىم شۈركۈنۈپ تىترەپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن قۇلا تايچاق بىر نەچچە قېتىم ماخونىڭ ئىشىكى ئوچۇق قالغان چاغلاردا بىزنىڭ ئۆيگە قېچىپ كەلدى. مەن ئۇنى كاتتا مېھمان قىلىپ، ئەگەشتۈرۈپ ماخوغا ئەكىلىپ قويدۇم. بۇ ئىشلار ماڭا خېلىلا چوڭ كۆڭۈلسىزلىكنى كەلتۈردى. قۇلا تايچاقنىڭ مېنىڭ ئۆيۈمگە قېچىپ بارغانلىقىنى ئاڭلىغان گايىت ئەترەت باشلىقى تۈردىغا: «بۇ توختىنىڭ يوشۇرۇن ئاتقان ئوقى، بۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى» – دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇدا ئۈچ ئاخشام كۈرەشكە تارتىلدىم. ئەتىسىدىن باشلاپ كەينىمگە نازارەت قىلىدىغان ئادەم قويۇلۇپ، يالغۇز ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىندىم. جىسمانىي ۋە روھىي ئازاپ مېنى تېخىمۇ جىمغۇر، خىيالچان قىلىۋەتتى. شۇنداق يالغۇز ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن قازا قىلغان ئاتام رەھمەتلىك ۋە ئۇنىڭ ماڭا قىلغان بىر گېپى ئېسىمگە كېلەتتى. ئاتام ماڭا: «بالام، ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ دۇنيا ھەر كىمگە باقىۋەندە

ئەمەس، ئادەم بالىسىغا ئۆز ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ئامەت كېلىپ، ئۈچ قېتىم پالاكەت باسىدۇ» دېگەن ئىدى. مەن ئۇزاق - ئۇزاق خىياللارغا چۆمەتتىم. مەن تۇغۇلۇپ ئىككى ئايلىق بولغاندا ئاپام قازالاپ كەتكەن. بۇ مېنى باسقان بىرىنچى پالاكەت. شۇنىدىن باشلاپ تا يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرىپ، يۇرتىمىز ئازاتلىققا چىققانغا قەدەر بايلارنىڭ ئىشىكىدە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، خارلىنىپ يۈردۈم. 1966- يىلى يازدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بىر كۈنى ئاتام جۈمە نامىزىغا كېتىۋاتقاندا، بىر توپ ئىسيانچىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق قارشىلىغىنىغا قارىماي ئۇزۇن، ئاپپاق ساقىلىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. ئاتام بۇنىڭغا نارازى بولغان ئىكەن، ئۇ ئەسەبىيلەر ئۇنى ئۇيان چاپتۇرۇپ، بۇيان چاپتۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. مەن بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بارسام، بىچارە ئاتام توپىغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئورنىدىن قوپالماي ئۈچ ئاي ئازاپ چېكىپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كۆزىنى يۇمدى. بۇ — مېنى باسقان ئىككىنچى پالاكەت بولدى. ئاتام ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىككى يىل بولغاندا مانا ئەندى ئۈچىنچى پالاكەت كېلىپ باستى. روھىي، جىسمانىي جەھەتتىكى ئازاپلار، يوقسۇزچىلىق خۇددى تاغدەك يەلكەمنى باستى. ھەر ئايدا ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئاشلىق نورمىسىدىن مەن ئىلگىرى «ئوغۇرلىغان» دەپ ئارتىلىنغان قوناق ئۈچۈن 20 جىڭنى تۇتۇۋالغاچقا 40 جىڭ ئاشلىق ئىككىمىزگە يىگىرمە كۈنگە ئارانلا يېتەتتى، كۆنجۈرە، سامانىنى پۇل ھېساپلاپ 350 يۈەن قەرز ئارتقان، بۇ ئىلگىرىكى قونا قەرزىم بىلەن قوشۇلۇپ 500 يۈەنگە باردى. سەكرەڭگە، كېرۋىسىن سېتىۋېلىشقا قۇربىمىز يەتمەسلىكتىن نويىدە ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئاخشىمى قاراڭغۇدا ئولتۇراتتۇق. ئازاتلىققا چىقىپ يىگىرمە نەچچە يىل بولغاندا مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە قېلىشنى كىممۇ ئويلىغان؟! بۇ مېنى ئۆمرۈمدە باسقان ئۈچىنچى قېتىملىق پالاكەت ئەمەسمۇ؟ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىت بار دەپ، بەزى چاغلاردا ئۆمرۈمدە كەلگەن ئىككى قېتىملىق تەلەي - ئامەتلىرىمنى ئەسلەپ كېتەتتىم:

ئاتامنىڭ قول ئىلكىدە بولمىغاچقا تەڭتۇشلىرىم ئىككى - ئۈچ بالىلىق بولغىچە مەن ئۆيلىنەلمىگەن ئىدىم. 1949 - يىلى يۇرتىمىز ئازات بولدى. شۇندىن ئېتىۋارەن بىز يوقسۇللارنىڭ كۈنىمىز تۇغۇلدى. 1953 - يىلى ئەتىيازدا يېزىمىزدا يەر ئىسلاھاتى بولدى. بىزمۇ ئۆمرىمىزدە تۇنجى قېتىم يەر - سۇ، ئۆي - جايغا ئىگە بولدۇق. كۆرەش مېۋىسىنى تەقسىم قىلغاندا تېخى بىزگە بىر تۇرۇق بايتال تەگدى. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە كەلگەن بىرىنچى قېتىملىق ئامەت ئىدى. شۇ يىلى ئاتام بىلەن ئىككىمىز يېرىمىزگە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىۋىدۇق، بۇغداي، پاختا، قوناقتىن مول - ھوسۇل ئالدۇق. ئاتا - بالا ئىككىمىز تۇنجى قېتىم ئۆز ئەمگىكىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولدۇق. شۇ يىلى كۈزلۈكى دۆڭ كارىزدىكى ئاسىم ئاكامنىڭ قىزى ئوغۇلخان بىلەن تويىمىز بولدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ يېزىمىزدا يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى. بىز كوللېكتىپلىشىش يولىغا قەدەم قويدۇق. تۇنجى يىلى كوپېراتىپنىڭ پاختا، ئۈزۈمى تازا ئوخشاپ مول - ھوسۇل ئالدۇق. كۈزلۈكى 650 يۈەن دارامەت كەلدى ھەم تۇنجى قىزىم مايمۇنىسخان تۇغۇلدى. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئامەت ئىدى. رەھمەتلىك ئاتام بەزىدە «ياشلىقتىكى دۆلەتتىن، قېرىلىقتىكى مەينەتتىن خۇدايىم ساقلىسۇن» - دەيدىغان. مانا ئەندى

يېشىم ئەللىككە يېقىنلاشقاندا بۇ پالاكەت - مەينەت يەلكەمنى تاغدەك بېسىپ، ۋۇجۇدۇمنى پاتقاق لايدەك ئېزىۋەتتى. ئادەم قىيىن ئەھۋالدا چۈشۈپ قالغان چېغىدا كۆپىنچە ئاتا-ئانىسىنى ئەسلەيدىكەن، ئۇلاردىن مەدەت تىلەيدىكەن، بىر كېچىسى ئاتام رەھمەتلىك چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئاپپاق يېڭى يەكتەك كىيگەن، بېشىدا يوغان سەللە، چىرايى تولىمۇ غەمكىن تۇرغىدەك. ئۇ مېنىڭ جۇل - جۇل ئۇستىۋېشىمنى، جۇدەپ، ياداپ كەتكەن چىرايىمنى كۆرۈپ ئېچىنغان هالدا: «توختاخۇن بالام، قايغۇرما، مەن ساڭا مەدەت بېرەي، بېشىڭغا كەلگەن بۇ ئېغىر قىسمەت بىر كۈنى كۆتىرىلىپ كېتىدۇ. سەن قۇلا تايچاققا ياخشى قارا، ئۇ ساڭا كېيىن ئەسقاتىدۇ» دېگەندەك، بىردىنلا يېقىندىلا قۇلا تايچاقنىڭ كىشنەۋاتقان تونۇش ئاۋازى ئاڭلىنىپ چۆچۈپ، ئويغىنىپ كېتىپتىمەن.

مەن ئەتىسى ئېتىزغا ئىشقا ماڭغىچە ماخوغا قۇلا تايچاقنى كۆرگىلى باردىم. قۇلا تايچاق مېنى كۆرۈپلا كىشنىگەن پېتى چېپىپ مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاشقا باشلىدىم. ئۇمۇ ماڭا ئۆزىنى سۈركەپ، مېنى سېغىنغانلىقىنى ئىپادىلىمىدى. شۇ چاغدا هامۇت ئاكا قېشىمىزغا كېلىپ:

— قۇلا تايچاققا ئايرىم يەم - بوغۇز بېرىۋاتىمەن. بۇمۇ ئەندى ياتسىراشنى تاشلاپ، باشقا تايچاقلار بىلەن چېپىشىپ ئوينايدىغان بولۇپ قالدى، - دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم خېلى كۆتىرىلىپ قالدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. قۇلا تايچاق رەسمىي ئات بولۇپ قالدى. بىز ئۇنى «تۇرۇق ئات» - دەيدىغان بولدۇق.

بىر كۈنى ئۇلاق باققۇچى هامۇت ئاكا:

— توختاخۇن ئۇلاقلارنىڭ مىجەزىنى پىششىق بىلىدۇ. بۇ تۇرۇق ئات هارۋىغا خام، بۇنى ئۇ ئۆزى ئىشلىتىپ كۆندۈرسۇن، - دېدى. شۇ گەپ بىلەن مەن تۇرۇق ئاتنى كىچىك رەزىنكە چاقلىق هارۋىغا قوشۇپ بىر قانچە كۈن ئىشلىتىپلا خېلىلا كۆندۈرۈۋالدىم. تۇرۇق ئاتنىڭ ئايغى ناهايىتى ئىلدام يېنىك چىقتى. ئۇنىڭغا قامچا هاجەتسىز ئىدى.

مەن بىر كۈنى تۇرۇق ئاتنى هارۋىغا قوشۇپ چوڭ باغ دېگەن ئۈزۈمزار باققا تەكلەرنى قوشۇمچە كۆشلەشكە ئوغۇت توشۇدۇم. مەن هارۋىنى هايداپ ئۈزۈمزار باققا يېقىنلاشقاندا گايىت (ئۇ يېڭىدىن چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان ئىدى) بىلەن ئەترەت باشلىقى تۇردى ئالدىمەدىن چىقتى. گايىت مېنى كۆرۈپلا ئەرۋايى ئۇچتى. ئۇ تۇردىغا ئاچچىقلىنىپ:

— سىلەرنىڭ سىنىپىي مەيدانىڭلار نەگە كەتتى؟ مۇشۇنداقمۇ بىخوتلىشىپ كېتەمسىلەر؟ ئات - هارۋىنى بىر ئۇدۇلۇغا تۇتقۇزۇپ قويساڭلارزە بولامدۇ؟ ئۇ قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يە ئاتنى ئۆلتۈرىدۇ، ياكى هارۋىنى بۇزىدۇ. بۇ سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئادەتلەنگەن مەنتىقىسى. ئات - هارۋىنى دەرهال تارتىۋېلىڭلار. توختى كارىزدا ئىشلىسۇن! - دەپ ۋاقىرىدى.

— شۇنداق، بولىدۇ گا شۇجى، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىمىز، — دېدى تۇردى هىجىيىپ خۇشامەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ.

مەن ئۆزەمنى تۇتالماي ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم. كۆڭلۈمدە «ئاتنى ئۆلتۈرۈپ هارۋىنى بۇزغان سەن، مەنزە ئۆز كوللېكتىۋەمىزنىڭ جان تومۇرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىمەنما؟!»- دەپ ئويلاپ ئەمدى ئېغىز ئاچاي دېيىشىمگە گايىت:

— تۇردى كۆردۈڭمۇ؟ بىز غەزەپلەنسەك، بۇ كۈلىۋاتىدۇ. بۇ نېمە دېگەن زەهەرلىكھە؟!

بۇنىڭ ئەكسىيەتچى خورىگى بەك ئۆسۈپ كېـ
تىپتۇ، بۇنىڭغا تازا راۋۇرۇس زەربە بېرىڭلا، —
دىدى قوللىرىنى شىلتىپ بۇيرۇق ئاھاڭدا.

— ساڭا كىم ھارۋا ھەيدەشكە رۇخسەت قىلـ
دى؟ — سوراق قىلغىلى باشلىدى مېنى تۇردى.

مەن ئېغىز ئېچىپ جاۋاپ بەرگىچە گايىت
قولىنى بىر سىلكىدى — دە:

— بۇنىڭ بىلەن ئاخشاملىقتا زوكۇنلىشايـ
لى. مەن گۇڭشېدىكى يىغىنغا ئالدىراۋاتىـ
مەن، — دەپ مەھەللىگە قاراپ ئىتتىك يۈرۈپ
كەتتى. تۇردى ماڭا بىر ئالىيىپ قارىدى — دە،
گايىتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ ھويلىـ
سىدا چوڭ يىغىن ئېچىلىپ مەن كۈرەشكە تارتىلـ
دىم. بىچارە ھامۇت ئاكا «توختىغا ئات - ھارـ
ۋىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، سىنىپىي مەيدانىنى يوـ
قاتقان» — دەپ ئوتتۇرىدا تۇرغۇزۇلۇپ، پەيپەن قىـ
لىنىپ ماخودىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەتـ
رەت باشلىقى تۇردىنىڭ تاغىسى نىياز ئۇلاقباقـ
قۇچى بولۇپ بەلگىلەندى. نىياز ئەزەلدىن كوللېكـ
تىپنىڭ مۈلكىگە كۆيۈنمەيدىغان، دائىم ئۆزىنىڭ
كۆمۈچىگە چوغ تارتىدىغان شەخسىيەتچى ئادەم
ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي تورۇق
ئاتنى يېڭى ئۇلاق باققۇچى نىيازنىڭ ئوغلى
مەڭلىك ھارۋىغا قوشۇپ ئىشلىتىپ يۈردى. بىر
كۈنى مەن كارىز بېشىغا ئىشقا كېتىۋاتاتتىم.
مەڭلىك لىققىدە ئوتۇن باسقان ھارۋىغا چىقىۋېـ
لىپ، تورۇق ئاتنى يوغان تاياق بىلەن ساۋىـ
داپ ئۇرۇپ ھارۋىنى چاپقان پېتى تارتىشقا مەجـ
بۇرلاۋېتىپتۇ. مەڭلىك ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىـ
ۋاتقان ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك توت بالا
«قېنى، كىمنىڭ ھارۋىسى ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ
كېتىدۇ» — دەپ بەسلىشىپ، ھارۋىدىكى ئوغۇتنىڭ
يولغا چېچىلىپ كېتىۋاتقىنىغا پەرۋا قىلماي ئاتـ
لارنى گۈرجەك بىلەن ھەدەپ ئۇراتتى. بەش ھارـ
ۋا ئېتىز يولىدا ئاسمان پەلەك توپا توزۇتىپ گۈلـ
دۈرلەپ كېتىۋاتاتتى. تاياقنىڭ زەربىسىگە چىـ
دىمىغان تورۇق ئات جان - جەھلى بىلەن يۈلـ
قۇنۇپ ئالغا ئېتىلغاندا ئۇنىڭ بوينىدىكى جەـ
ۋىنى تارىسىدا ئۈزۈلۈپ كەتتى - دە، تورۇق
ئات ھارۋىدىن چىقىپ توختاپ قالدى. شۇ ئەسـ
نادا كەينىدىكى ھارۋىلار تاراقلاپ كېلىپ توـ
رۇق ئات ۋە مەڭلىكنى توپا - چاڭ ئىچىدە قالـ
دۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭدىن جىلى بولۇپ
ئۆتى تېشىپ كەتكەن مەڭلىك ھارۋىدىن يەرگە
ئۆزىنى ئاتتى - دە، تەرگە چۆمۈلۈپ قاتتىق
ھاسىراپ ئىچىنى ئۇرۇپ تۇرغان ئاتنى گۈرجەك
بىلەن ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. تورۇق
ئات بۇ بىھۇدە ئۇرۇشقا چىدىماي قىيىغىتىپ،
چاپچىپ ئاغامچىسىنى مەڭلىكنىڭ قولىدىن چىـ
قىرىۋېلىشقا تىرىشاتتى. مەن ئۇلارنىڭ يانتەـ
رىپىدىن ئۆتۈۋاللاپ كېلىۋاتاتتىم. مەن مەڭلىكـ
نىڭ قىلغىنىغا چىدىماي ئېتىلغان پېتىم ھارۋىنىڭ
يېنىغا يېتىپ كەلدىم - دە:

— ھاي، تارت قولۇڭنى! — دەپ غەزەپ بىلەن
ۋاقىرىدىم. مەڭلىك چۆچۈپ كەتتى - دە، گۈرـ
جەكنى كۆتەرگەن قولىنى يەرگە چۈشۈردى.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ بىر تىلسىز ھايـ
ۋاننى بىھۇدە ئۇرۇپ مۇشۇنداق ئازاپلامسەن؟!

مەڭلىك كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپـ
لا «ھىم» — دەپ بۇرنىنى قېقىپ قولىنى سىلكىدى
ۋە:

— ھە، بۇ سەنمىدىڭ؟ مەن تېخى بۇنچەۋاـ
قىرىدىغان كىمكىن دەپتىمەن. ھەي توختى، سەن
دېگەن خۇمدان دەزىدەك بار قارا قۇلاق، بىسىزدەكـ
لەرگە ۋاقىراش ئۇياقتا تۇرسۇن، گەپ قىلىشىمۇ
ھەققىڭ يوق! - ئۇ شۇنداق دەپ «چىرت» قىلىپ
چىشىنىڭ ئارىسىدىن يەرگە تۈكۈردى مېنى مەڭ
ستىمەسلىك بىلەن.

مەن ئېغىز ئاچاي دېيىشىمگە تورۇق ئات

ئېغىر بىر پۇشقۇرۇپ، ياش مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ بەدىنىم سىقىراپ كەتتى. كەينىمدىن بىر ئادەمنىڭ «ھەي توختى، سەن كاردىزغا ئىشقا ماڭماي بۇ يەردە نىمىگە قاراپ تۇرىسەن؟!» دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بۇرۇلۇپ قارىسام كەينىمدە تۇردى ماڭا يەۋىتىمدىغاندەك ئالىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۈنچىقماي يولۇمغا راۋان بولدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن تورۇق ئاتنى ناۋانىدا بىر كۆرۈپ قالاتتىم. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپ ئۇ جۇدەپ قوسىقى ئىچىگە يېپىشىپ قوۋۇرغىلىرى تال - تال چىقىپ قالدى. تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ تېرىسىدىن كېپەك ئۆرلەپ دۈمبىسىدىكى تاياق زەربىسىدىن پەيدا بولغان جاراھەتلەر قەقەچ تۇتۇپ، ئۇنى تولىمۇ كۆرۈمسىز، ئەبگاكۆرسىپ تۇراتتى. ئاھ، دەردىما: مەن تورۇق ئاتنى شۇ ھالەتتە كۆرەرمەن دەپ ھىچ ئويلىمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ بىچارە ھالىغا قاراپ يۈرەك باغرىم خۇن بولۇپ، خىيالىم ئۇزاق ئۆتمۈشكە كېتەتتى.

مەن بالىلىق چاغلىرىمدا چۆچەك ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدىم. گاھىدا ئاتام رەخمەتلىك ئەل - يۇرتقا دەھشەت سېلىپ ئاپەت كەلتۈرگۈچى ياۋۇز ئەژدىھارلار، دىۋە - ئالۋاستىلا توغرىسىدا ئاجايىپ - غارايىپ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. مەن خۇددى توخۇنىڭ چۆجىسىدەك ئاتامنىڭ قويىنىغا كىرىۋېلىپ ئۇنىڭ يوغان، كۈچلۈك قوللىرىغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ چوڭراق بىر تىنىۋېلىشقىمۇ پېتىنالماي چۆچەك تىڭشايتتىم. شۇ چاغدىن باشلاپ «ياۋۇز» دىگەن سۆز چىقسا كۆز ئالدىمغا ئەژدىھا، دىۋە - ئالۋاستىلار كېلەتتى. مەن كېيىن ئىشقا يارىغىدەك بولغاندا ئاتام بىلەن يېزىمىزدىكى ھاجىبايغا چاكار بولۇپ ئىشلەپ يۈرۈپ تاغدا قوي باقتىم.

تاغدىكى يايلاقتا بۆرە بار ئىدى. ھەر كېچىسى دىگىدەك قويغا بۆرە كېلىپ بىر نەچچە قويىنى بوغۇپ ئۆلتۈرەتتى. شۇندىن كېيىن مەن دۇنيادا ئەڭ ياۋۇز مەخلۇق بۆرە ئىكەن دەپ ئويلىغان ئىدىم. بۇ ئىشلارغا قىرىق نەچچە يىل بولدى. مانا ھازىر ئەندى ماڭا ئايان بولدىكى، ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ياۋۇزلۇق بۆرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەن. مەن ئۆز ئۆزەمگە «بىزگە كەلگەن بۇ دەرت - ئەلەمنىڭمۇ چېكى باردۇ، ئۆمرۈمدە ئىككى قېتىم ئامىتىم كەلگەن ئىدى، ئەمدى ئۆلمىسەم ئۈچىنچى ئامەتكىمۇ ئېرىشەلەرمەنمۇ» دەيتتىم ئارمان بىلەن.

زۇلمەت كېچە ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ ئاخىرى سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، قاراڭغۇلۇق كېتىپ، تاڭ ئاتىدۇ. بەختىمىزگە بىز تەقەززا بولۇپ كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. مەن پۈتۈنلەي ئاقلاندىم. ئۆتكەن يىلى تۆرت مو يەر قىرىق توپ تەك (ئۈزۈم)نى ھۆددىگە ئالدىم.

يەرلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ ئەتىسى ئات - ئۇلاقلارنى ھۆددىگە ئېلىش ئۈچۈن ماخونىڭ ئىچىدىلا چەك تارتىشتۇق. چەكنى ئەترەت بوغالتىرى ئابلا دوپپىسىدا تۇتۇپ قاراپ تۇراتتى. مەن «تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ بەختىمگە ياخشى ئاتتىن بىرى چىقسىدى» دەپ ئويلاپ قوللىرىم تىترىگەن ھالدا ئابلا بوغالتىرنىڭ دوپپىسىدىكى چەككە قول ئۇزاتتىم مەن.

ئەترەتنىڭ ئاتلىرى ئىچىدىكى بىرىنچى دەرىجە دەپ باھالانغان قارا ئايغىر! - دىدى ئابلا تەنتەنە بىلەن ۋاقىراپ.

— ۋاي، ۋۇي، توختاخۇنىڭ ئامىتى كەلدى جۇمۇ، كۆردۈڭلەرمۇ، ئۇ ئوغۇلخاننى كۈچۈرۈپ كەلگەندىمۇ بۇنچىلىك خۇشال بولمىغان بولغىيدى، - دىيىشتى ھامۇت ئاكا قاتارلىق بىر نەچچە ئاقساقال، چار ساقاللار ماڭا چاقچاق قىلىپ.

ئەرقانىتى ئات ئەمەسمۇ، مەن نىمىشقا خۇشال

بولماي؟! راستىنلا مەن تويۇمدىمۇ بۇ قەدەر هاياجانلىنىپ خۇشال بولمىغاندۇرمەن. يۈرىگىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ يۈزۈم لاۋۇلداپ ئوت ئالغاندەك بولۇپ كەتتىم.

خوشاللىغىمدا شۇ مىنۇتتا تېرەمگە سىغمايتتىم، ۋاقىرىغىم، ناخشا ئېيتقىم كېلەتتى.

— قېنى توختاخۇن چەكنى ئېلىپ بولغان بولساڭ نېرى تۇرچۇ، بىزمۇ ئېلىپ باقنى — نىياز ماخوچى شۇنداق دەپ ئابلا بوغالتىرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەمدى مېنىڭدىن كېيىن چەك ئېلىش نۇۋىتى نىياز ماخوچىغا كەلگەن ئىدى. ئۇ: «يا خىزىر ئەلەيھى سالام، ئۆزەڭ مەدەت قىلغايسەن!»-دەپ چەكنى ئالدى. بۇغالتىر ئۇنىڭ چېكىنى كۆرۈپ «تۇرۇق ئات!» دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، چىرايى تامدەك ئاتىرىپ كەتكەن نىياز ئاخۇن ئابلاغا قاراپ:

— هوي بوغالتىر ئۇكاموي، مېنىڭ چېكىمگە دىققەت بىلەن ياخشى سەپ سال جۇمۇ، خاتا كۆرۈپ قالدىڭمۇ ھەقاچان، — دېدى ئۈننى تىترىتىپ.

— تەلىيىڭ شۇ نىياز ئاكا، ئون قېتىم قارىغان بىلەنمۇ، — ئابلانىڭ گېپىگە چەك ئېلىشقا تەلمۈرۈپ تەقەززا بولۇشۇپ تۇرغان دېھقانلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— ئەستەغپىرۇللا، نېمىشقىمۇ ئالدىراپلا چەككە قول سۇنغاندىمەن تۇرۇق ئاتتەك ئەبگا قىرچاڭغۇنى نېمىگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟ هەي، مەن بىتەلەينى، — نىياز قاخشاپ غوتۇلداشقا باشلىدى.

— هوي، نىياز ئاخۇن، ئۆزەڭ خېلى يوغان بولساڭمۇ ھەجەپ بىر كۆيەڭ، چىدىماس ئادەم ئىكەنسەنغۇ، — بۇ گەپ قىلغۇچى ئىلگىرىكى ئۇلاق باققۇچى هامۇت ئاكا ئىدى، ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا بۇرۇلدى، — تۇرۇق ئات توغۇلىشىدىنلا هازىرقىدەك ئەھۋالدىمىدى؟

هەي، لىللا يەردە تۇرىنى، بىر چاغلاردا تۇرۇق ئات بىلىقتەك سېمىز، ئوتتۇرا قولىدەك ئات ئىدى. ئۇ كىملەرنىڭ سەۋىۋى بىلەن كىمنىڭ قولىدا هازىرقىدەك بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى؟ بۇ ئىشلارمۇ شۇ يەردە تۇرغانلارغا بەش قولدەك ئايانغۇ؟ گونا ئاتتا ئەمەس.

هامۇت ئاكىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق ئىدى. هامۇت ئاكا ماخودىن ھەيدەۋېتىلگەندىن كېيىن ماخونىڭ ئاچقۇچى نىياز ئاخۇنغا ئۆتكەن ئىدى. مەن تۇرۇق ئاتنىڭ نىيازدەك بىر ئادەمنىڭ قولىغا قېلىشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم. نىياز هامۇت ئاكىغا هومىيىپ قاراپ قويۇپ گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا مەن:

— نىيازئاخۇن، چېكىڭنى مۇنداق قىلا، — دېدىم. ئابلا بوغالتىرنىڭ ئالدىدا چىرايىنى سەكەن قورۇق قىلىپ ئېپىز كالپۇكىنى مىتىلدىتىپ ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋاتقان نىياز ماڭا قاراپ خۇددى مېنى ئىلگىرى ئۇچرۇتۇپ باقمىغان ناتونۇش كىشىدەك بىر پەس ھەيرەتتە قاراپ ئىختىيارسىز مېنىڭ يېنىمغا كەلدى.

— چېكىڭنى ماڭا بېرىپ، مۇنۇنى سەن ئال، — مەن قارا ئايغىرنىڭ چېكىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم نىياز بۇنى كۈتمىگەن ئىدى. ئۇ هودۇقۇپ، ئالدىراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ كىچىكلەپ يۇمۇلاق ئۇچلۇق تار ئىڭەكىدىكى ئۆچكە ساقىلى تىترەپ كەتتى.

— هى، هى، هى، توخ ... توختا ... خۇن، بۇ، بۇ، بۇ، — ئۇ خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ دۇدۇقلاپ قولىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۆزەمنىڭ چېكىمنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى چەكنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى چەكنى ئېلىۋالدىم. بۇ ئىش خۇددى قۇياش كۈلۈپ تۇرغان ئوچۇق هاۋادا تۇيۇقسىزلا شاقىراپ چۈشكەن يامغۇردەك، ئەتراپىمىزدىكى دېھقانلارنى

هالڭ- تالڭ قالدۇرۇۋەتتى. بىر پەس ماخونىڭ ئىچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، گەپ - سۆزلەر بېسىقىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغىزلىرى ئېچىلىپ قالغان كىشىلەر ماڭا تەئەججۇپ بىلەن قارىشىپ قېلىشتى.

— ئەستاخ، مۇشۇ توختاخۇنكامىزە شۇ، تازا مۆلڭ ① ئادەمدە بۇ، — دېدى بىر ياش بالا.

بۇ گەپ بىلەن جىم - جىتلىق بۇزۇلۇپ، ماخونىڭ ئىچى يەنە جانلىنىپ كەتتى. ھەركىم بۇ ئىشنى ھەرخىل مۇلاھىزە قىلاتتى.

— ھوي ئاتا، راستىنلا مۇشۇنداق قىلىۋاتامدۇ، ياندۇرۇۋەتسىلە، نىياز ئاكا، قارا ئايغىرنىڭ چېكىنى ئەپكەل، سەنمۇ ئىزا - پىزا دېگەننى بىلمەيدىكەنسەن جۇمۇ، — بۇ كۆيۈغلۇم كامىل ئىدى. ئۇنىڭ ئاچچىغى كەلگەنلىكتىن قارامتۇق چىرايى بىغىررەڭ بولۇپ، يۈزلىرى كۆپچۈپ كەتكەن ئىدى.

— بولدى بالام، گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن، — دېدىم مەن تەمكىن ھالدا.

كامىلنىڭ نىيازغا سۇنغان قولى ھاۋادا ئاستاغىنە لەيلەپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى مېنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ناتونۇش كىشىدەك ماڭا سىنجىلاپ بىر پەس قاراپ تۇردى — دە، ئاغزىنى «چىك - چىك» قىلىپ چېكىلدىتىپ، توپ ئىچىدىن چىقىپ كەتتى.

— ھى، ھى، ھى، گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. شۇنداق بولمايزە، — نىياز ھىجىيىپ كۈلگەن پېتى قارا ئايغىرنىڭ قېشىغا كەتتى. بىزگە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەر ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. مەن كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ئېرەڭ قىلماي، ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىدا مىسكىن ھالدا مۈكۈلۈپ، غىرىچىلىنىپ تۇرغان تورۇق ئاتنىڭ يېنىغا كەتتىم.

تورۇق ئات جۇدەپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىدى. كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماي، ئۇ مېنى كۆرۈپلا تونۇۋالدى — دە، جانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئالدى پۇتى بىلەن يەرنى چاپچىپ، ھالسىزغىنا پۇشقۇرۇپ ئىتتىك ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى دومبۇيۇپ چىقىپ قالغان پېشانىسىنى تۇتۇپ، بېشىغا نوختىنى سالدىم. چىگىشلىنىپ، ئۇنى تولىمۇ كۆرۈمسىز كۆرسىتىپ تۇرغان يايلىنى قولۇم بىلەن تاراپ، بىر تەرەپكە چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقىنىمدا قولۇغۇمغا ھامۇت ئاكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— تېپىشمىغىچە ئېلىشماس، دەپ تورۇق ئات ئۆز ئىگىسىنى تاپتى. سىلەر قاراپ تۇرۇڭلار، بىزنىڭ بۇ توختاخۇن ئۇنى كېلەر يىلى مۇشۇ كۈنگىچە تولۇمدەك سەمرىتىۋاتىدۇ. 65 - يىلى ئەتىيازدا ئېسىڭلاردا باردۇ، ھېلىقى ئاق قاشقا قارا بايتال كېسەل بولۇپ قالغاندا، گۇڭشې مال دوختۇرپونكىتىدىكىلەر «ئون كۈنگە قالماي ئۆلىدۇ» - دەپ خەت كەسمىگەنمىدى، بىزنىڭ توختاخۇن ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئۇلاق بېقىش تەجرىبىسىنى ئىشلىتىپ قارا بايتالنى ساقايتىۋالغانغۇ؟

— راست شۇنداق بولغان ئىدى، — دېيىشتى ياشانغان كىشىلەر.

شۇنداق قىلىپ تورۇق ئاتنى مەن ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. ئوغۇلخان تورۇق ئاتنى قارا ئايغىرغا تېگىشىۋالغىنىمغا قاتتىق نارازى بولۇپ غۇدۇڭشىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— ھەي ئاپىسى، شېكەر كىمگە ئاچچىق، لېكىن مۇشۇ بىچارىنى نىيازدەك ئادەملەرگە خار قىلىشقا ئىچىم چىدىمىدى. مۇشۇ تورۇق ئات

① مۆلڭ — تۇرپان شېۋىسى بولۇپ بەقىلىمىز، دېتسىز مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

سەۋىۋىدىن ئىمە كۆڭۈللەرنى كۆرمىدۇق. . . .

دەپ تورۇق ئاتنى چوقۇم سەمرىتىپ ياخشى ئات قىلىپ بېرىشقا كۆزۈم يېتىدىغانلىقىنى سۆزلىۋىدىم، ئوغۇلخانىمىزنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەر - خوتۇن ئىككىمىز تورۇق ئاتنى كۆڭۈل قويۇپ باقتۇق. ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى تۈگىتىپ 5 - ئايدا ھامۇت ئاكا بىلەن ئىككىمىز ئاتلىرىمىزنى چالقان② تېغىدىكى ئات يايلىقىغا ئەپچىقماق بولدۇق. بۇنى ئاڭلاپ بىزنىڭ مەھەللە ۋە خوشنا مەھەللىلەردىكى تونۇش - بىلىش، يار - بۇرادەرلەرگە بىزگە ئاتلىرىنى باققاچ كېلىشنى تاپشۇردى. بىز ھامۇت ئاكا بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇز نەچچە ئاتنى ئېلىپ يايلاققا چىقتۇق. يايلاقنىڭ ھاۋاسى تۇرپاننىڭكىدىن كۆپ سالقىن، ئوت - چۆپلىرى مول بولغاچقا، تورۇق ئاتقا تازا كېلىشىپ بەردى. كۈزدە يايلاقتىن قايتىپ كەلگىچە ئۇ سەمرىپ، تۈكلىرى مىستەك پاقىراپ، رەسمى تۈزۈلۈپ، ھارۋىغا قېتىشقا يارىغىدەك بولۇپ قالدى. مېنى خوشال قىلىپ ئۇ تېخى بوغاز بولۇپ، قورسىقىمۇ يوغىناپلا قالدى. . . .»

تۇختاخۇنكام سۆزىدىن توختاپ قالدى. ئاردىنى جىم - جىتلىق قاپلىدى.

— ئېغىللىرىڭىزدا قالغان تاي شۇ تاي ئىكەندە، - دېدىم مەن جىم - جىتلىقنى بۇزۇپ.

— شۇنداق.

— ھارۋىنى قاچان سېتىۋالدىڭىز؟

— ئۆتكەن يىل 12 - ئايدا، - دېدى

تۇختاخۇنكام ماڭا قاراپ، ئاممەت كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ دىگەن راست گەپ جۇمۇ. ئۆتكەن يىل ھۆددىگە ئالغان قىرىق بەش تۈپ تاك ئۈزۈمچىلىكتىلا ئۈزۈم بولدى ئەمەسمۇ. يازنىڭ پىشقىنىنى كەك - كۇشادە يەپ، قالغىنىنى چۈنجىگە ئېسىۋىدۇق، 600 جىڭ يېشىل ئۈزۈم قۇرۇپتۇ. ھۆددىگە ئالغان تۆرت مو يەردىن ئىككى موغا بۇغداي تېرىۋىدىم، 750 جىڭ بۇغداي چىقتى. ئېگىزغا تېرىغان قوناق 1500 جىڭ ھوسۇل بەردى. ئىككى مو يەرگە تېرىغان كېۋەزمۇ خېلى ئوخشىدى. ئۈزۈم بىلەن پاختىنى ھەم 500 جىڭدەك ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىۋىدىم، قەرز - پەرزلەردىن تۈگىشىپ قولۇمغا ساق بىر پىچەت پۇل تەگدى. ھوي ئىمە دەيلا ئەممەت ئەپەندىم، ئۇن كويچەنلىكتىن بىر پىچەت پۇل دىگەن ئاز گەپمۇ، چىشىم چىقىپ قولۇم مۇنچىلىك جىق پۇل كۆرمىگەن ئىدى. ھەي، بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە كەلگەن ئۈچىنچى ئاممىتىم جۇمۇ.

— شۇنداق تۇختاخۇنكا، - دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ كېپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭدىن. سورىدۇم، - ئۈزلەرنىڭ بۇگۈن نەگە بېرىپ كېلىشلىرى؟

تەمنات سودا كوپىراتىپىغا ئۈزۈم ساتقىلى بارغان.

— قانچىلىك ئۈزۈم ساتتىڭىز؟

— ئۇن جىڭكام مىڭ جىڭ، ھەي ئەپەندىم، بۇگۈن قالتىس ئىش بوپكەتتى جۇمۇ، 700 جىڭ ئۈزۈمىمنى بىرىنچىگە ئۆتتى ئەمەسمۇ، ئۆزەممىغۇ خاماندىن راسا پاكىزە ئالغان ئىدىم. مانا بۇ تون تاغار بۇغداي، ئۈزۈم سېتىپ بېرىش ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاپ بولۇپ ئېشىنچىسىنى سېتىپ بەرگەنگە كەلگەن مۇكاپات، - تۇختاخۇنكام ھارۋىدىكى تاغارلارنى كۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ كۆرسەتتى.

— يانچۇقلىرى پۇلغا توشۇپتۇ - دە بۇگۈن.

— شۇنداق ئەپەندىم، ئىككى يېرىم پىچەت - تىن جىق پۇلنى نەدە كۆتىرىپ يۈرۈيمەن - دەپ بانكىغىلا سەپ قويدۇم. خەجلەيدىغانغا ئۆيدە -

② چالقان — تيانشان تېغىنىڭ تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بىر تارمىقى.

مۇ ئازراق پۇل يار تۇرسا، بوگۇنزە بىر ئەشىم ئەپلەشمىدى - دە، دەپ خورسىنىپ جىمىپ قالدى توختاخۇنكام.

مەن ئالدىراش سورىدىم.

— نىمە ئىش؟

— ھېلىقى جاھانىنامىدىن بىرنى ئالاي دېگەن.

— گۇگشىنىڭ دۇكىنىدا يوقمىكەن تېلېۋىزور؟

— بار ئىكەن، سايلا رەڭسىز. مەن قىممەت بولسىمۇ رەڭلىكنى ئالماقچى. ئەتە - ئۆگۈن تۇرپانغا — بازارغا بېرىپ ئەكېلەي دەپ توختاپ قالدىم. پۇلنى مۇشۇنداق خەشلىمىسەك نىمە قىلىمىز، ئېتىمىزدا پاختا ئېچىلىپ كەتتى. باللارنىڭ ئاپىسى، قىزىم، نەۋرىلىرىم ئۇنى تېرىۋاتىدۇ. ئۇنى ساتساق پالان پۇل، ساگدا بۇغداي تولۇپ يېتىپتۇ. ئىككى ئىدىشتا ئىق ياغ بار. . .

شۇ ئەسنادا كەينىمىزدىن گۈرۈلدەپ كىچىك تىراكتور يېتىپ كەلدى.

— ئاۋۇ، ئاۋۇ، - دېدى توختاخۇنكام ھارۋىنى يولنىڭ چېتىگە بۇراپ. ئاگىمچە يېڭى قىزىل يىرلاغلىق قول تىراكتورى ئاستىلاپ، ھارۋا بىلەن قاتارلاشتى. تىراكتورنى 17 – 18 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل باللا ھەيدىگەن بولۇپ، توچىيىدا دوغلاغراق كەلگەن، ئاپپاق كەكە ساقاللىق بىر ئادەم ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، - توچىيىدىكى ئادەم ماڭا سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، - دېدىم مەن جاۋابەن ئوڭ قولۇم بىلەن كۆكسۈمنى تۇتۇپ.

— بۇ ئادەم بىزنىڭ قەدىناس ھامۇت ئاخۇن ئاكام بولىدۇ، - دېدى توختاخۇنكام تىراكتوردىكى كىشىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ، ئۈزۈم ساتقىلى بېرىپ كىلىشى.

— بۇ ئەپەندىمنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ؟ - دېدى ھامۇت ئاكا ماڭا سىنچىلاپ قاراپ.

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەھمەت ئەپەندىم، بىزنىڭ كونا تونۇش ئاغىنىمىز، - توختاخۇنكام شۇنداق دېۋىدى، ھامۇت ئاكا بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئېسىمگە كەلدى، كۆرۈشمىگىلى خېلى يىللار بوپتۇ، بىرنەچچە كۈن تۇرالا، - دېدى ماڭا قاراپ.

— ھەئە، بىر نەچچە كۈن تۇرىمەن، دېدىم مەن.

— بىزنىڭ ئۆيلەگىمۇ ئالتىپات قىلالا.

— ئەلۋەتتە.

— ئەھمەت ئەپەندىمنى بىزنىڭ ئۆيگىمۇ ئەكىرگىن توختاخۇن ھە، - ھامۇت ئاكا شۇنداق دېدى - دە، ئوغلىغا «ماڭغىن» دەپ شەرەت قىلىۋىدى، كىچىك تىراكتور گۈلدۈرلەپ توپا توزۇتقان پېتى مەھەللىگە يورۇپ كەتتى.

— ھامۇتكام بۇ تىراكتورنى قاچان سېتىۋالدى؟ - سورىدىم توختاخۇنكامدىن.

— بۇ يىل ئەتىياز سېتىۋالغان، ھازىر مەھەللىمىزدە ئۈچ ئائىلە تىراكتورلۇق بولۇپ قالدى، ماشىنا ئالىمىز دەۋاتقانلارمۇ بار تېخى.

— بۇ يېڭى سىياسەت راستىنلا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ، - دېدىم مەن سۆيۈنگەن ھالدا.

— شۇنداق ئەپەندىم. بۇ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى، ھەر كىم ئاققۇزغان تەرىگە چۇشلۇق ئۆز نەسىۋىسىنى ھالاللاپ يەيدىغان گەپكەن، ھەممە بەركەت مانا شۇ ھالال تەر تۆكۈپ يېيىشتە، - توختاخۇنكام شۇنداق دەپ جىمىپ قالدى. ئالدىمىزدا يولنىڭ ئىككى قاسنىغىدا قاتار - قاتار ئۈژمە دەرەخلىرى باراخسان ئاپىنىغان. ئالدى ياپ - يېشىل ئۈزۈم

بارىڭلىرى بىلەن چۆمكەلگەن، كەينىدە مېۋى-
لىك باغلىرى ياشنىغان رەت - رەت يېڭى ئۆي-
لەر كۆرۈندى.

— مانا بىزنىڭ مەھەللىگە يېتىپ كەلدۇق، —
دېدى توختاخۇنكام. مەن مەھەللىنىڭ گۈزەل
مەنزىرىسىگە قىزىقىپ مەھەللە كوچىسىغا
كىرىپ قالغىنىمىزنى تۇيمايلا قاپتىمەن.

ئالدىمىزدا ئۆستەڭنىڭ كېرىلىشىپ كەتكىنى-
دىن قانداق رەختتىن تىكىلگەنلىكىنى پەرق
ئەتكىلى بولمايدىغان، چاچ - ساقاللىرى ئۆ-
سۈپ كەتكەن، چىرايى ياداڭغۇ، ئورۇق، سوزۇن-
چاق يۈزلۈك ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى پەيدا
بولدى. توختاخۇنكام ئۇ كىشى يېقىنلىشىپ
كەلگەندە ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن:

— ھە گايىت ئاخۇن، نەگە ماڭدىڭ؟ —
دېدى.

— گايىت ئىسىملىك بۇ ئادەم خۇددى ئوغ-
رىلىق قىلىۋاتقان چاغدا ئۈستىدىن ئادەم كې-
لىپ تۇتۇۋالغاندەك چۆچۈپ، ھودۇقۇپ كەتتى-
دە، بىر نېمىلەر دەپ غودۇڭشۇپ ئۇدۇلىمىزدىن
شارت - شۇرت قىلىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرنى دەس-
سەپ ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ
نېمە دېگىنىنى ئاڭقىرالمىدىم ۋە بۇ ئادەمنىڭ
غەلىتە قىلىقىغا ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— بۇ گايىت دېگەن كىم زادى؟

— كىم بولاتتى، بىزنىڭ ھېلىقى گاسىلىق!
بىچارە دادىسىنىڭ سەكراتلىقىدىن قېلىپ، بىرەر
يىلغا بارمايلا تۈگىشىپ كەتتى. ئەسلىدىمۇ
ئۇنىڭغا ئەنگەك خۇشياقمايتتى. ئۇ تاپقان-
تەرگىنىنى بىر يىغىشتۇرۇپ ئۆتكەن يىلى سودىغا
مېڭىۋىدى، بىر ئاز پۇل قىلىپ قايتىپ كېلە-
شىدە ئوغرىغا ئۇچراپ ھەممە دەسمايىسىدىن
ئايرىلىپ قاپتۇ. سودىغا مېڭىپ ھودىدىگە ئال-
غان يېرىگە ياخشى ئىشلىمىدى. ئاقىۋەت كۈزدە
نەچچە دوپ پۇلنى قەرز قىلىپ پاتتىڭغا ئار-
تىۋالدى. بۇ يىلمۇ ئۇنىڭ ئىشى ئىلگىرى باس-
مىدى.

شۇ ئەسنادا يېقىندىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىنىڭ
ئىچىلىدىن «ئىھي! ئىھي!» — قىلىپ كىشنىگەن تاي-
نىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنى ئاڭلىغان
تورۇق ئاتمۇ جايىدا توختاپ بېشىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ «ئىھي! ئىھي! ئىھي!» — قىلىپ كىشنەۋەتتى.

— مانا ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق، — دېدى توخ-
تاخۇنكام ھارۋىدىن يەرگە چۈشۈۋېتىپ.

مەن يوغان قوش قوۋۇقلۇق ھاۋارەڭ سىر-
لانغان ئىشىككە قىزىقسىنىپ قاراپ ھارۋىدىن
سەكرەپ يەرگە چۈشتۈم.

## دىخان قوشىغى

**مەھەممەت قۇربان**

ئەلگە غەمخور سىياسەت،
نۇرلاندۇردى يېزامنى.
شاتلاندۇردى كۈلدۈردى،
مەندەك ئىشچان دىخاننى.

گۈللۈنۈپ ئەل، يۇرت بۈگۈن،
تولدى زەپەر نۇرىغا.
ئەجرىمىزدىن باي بولۇپ،
ماڭدۇق بەخت يولىغا؟

# ئاساسىي قانۇنغا مەدھىيە

رىشىت مەخسۇت

قىلدى قىزغىن تەنتەنە بۇ ھۆر ماكان، قانۇن بولغاچ،
كۆردى ئەل ئىقبالنى كۈندەك ئايان، قانۇن بولغاچ،
ھەركىمنىڭگە ھەر كىشى تاپتى مىزان، قانۇن بولغاچ،
بارچە مۈشكۈل بولغۇسى ئەمدى ئاسان، قانۇن بولغاچ،
ئەل بۈگۈن كۆردى ئېنىق پارلاق نىشان، قانۇن بولغاچ.

بۇ ئۇلۇق قانۇنغا ئەل كۆڭلىدە ئارزۇ بار ئىدى،
يايرىتىپ ئەل كۆڭلىنى ئەلگە بۇ قانۇن يارىدى،
ھەر سۆزى بىر گۈل بولۇپ ھەريانغا خۇشبۇي تارىدى،
ئەل تىلى بۇلبۇل بولۇپ خەندان ئۇرۇپ شات سايرىدى،
ئەلگە ئەمدى باشقىدىن كىردى زىۋان، قانۇن بولغاچ.

بۇ ئۇلۇغ قانۇن ۋەتەن ھۆسنىگە قوشماقتا جامال،
يۈكسىلىپ ئۆرلەپ ئىگىز پەللىگە تاپماقتا كامال،
يولىمىزدا چىقسا گەر ئوڭ ياكى «سول» تەتۈر شامال،
زەربىمىزدىن شۇ ھامان تاپقۇسى ئۇ جەزمەن زاۋال،
باسمىز ئالغا ئۇدۇل ئېشىپ داۋان، قانۇن بولغاچ.

ئەسلىسەك تارىخنى ئەل قىلدى ئازاتلىق جېڭىنى،
كۆردى ئاخىر ماۋجۇشى بولغاچقا بەخت تېڭىنى،
ئاغدۇرۇپ ئۈچ چوڭ قەبىھ، قاراڭغۇ زۇلمەت تېغىنى،
قۇردى گۈللەپ ياشنىغان گۈزەل گۈلۈستان بېغىنى،
بولدى جۇڭخۇاغا ئىگە، ئىشچى ـ دىخان، قانۇن بولغاچ.

ماۋجۇشى قىزىل تۇغى لەپىلدىدى ئاسمان پەلەك،
يەتتى ۋەسلىگە شۇئان دىللاردىكى ئارزۇ ـ تىلەك،
ئىچتى كەۋسەر سۈيىدىن راسا قېنىپ تەشنا يۈرەك،
ئاچتى بىزنىڭ بەختىمىز تاڭ نۇرىدا ئالتۇن چېچەك،
ئالدى بىزنى قوينىغا ئازات زامان، قانۇن بولغاچ.

تۆت مەرەز چوتىنى خاتا سوققان چېغى كەتتى ئۆتۈپ،
قالپىغى ھەم كالتىكى بوققان چېغى كەتتى ئۆتۈپ،
ھۆكۈمەتسىزلىك ئوتى ياققان چېغى كەتتى ئۆتۈپ،
مەيلىچە بۇلاپ، ئۇرۇپ، چاققان چېغى كەتتى ئۆتۈپ،
تۈزدىلەر ئەمدى گۈزەل بۇ يەر جاھان، قانۇن بولغاچ.

تۆت ياۋۇز گەر گۇم بولۇپ بۇسۇلىسمۇ چاك چېكىدىن،
قالدۇغى موكۇپ كادىر تاپتى قىزىل سەپ ئىچىدىن،
بۇ مۇناپىقلار ئۈممەت كۈتمەكتە «ئاغىچا» «بېگى»دىن،
قازدىمىز بۇ يوشۇرۇن ئاپەتنى چوڭقۇر تېگىدىن،
يانچىلار «ئۈچ خىل» رەزىل ئىلان ـ چايان قانۇن بولغاچ.

چاپتى نۇر كومپارتىيە ئەلنىڭ نىجاتكارى بولۇپ،
ئىنقىلاۋىي ئەنئەنە نۇرلاندى كەڭ جارى بولۇپ،
گۈل ـ چېچەكلەر ياشنىدى مەڭگۈگە باھارى بولۇپ،
سايرىدى بۇلبۇل خوشال ھۆر تاڭدا گۈلزارى بولۇپ،
سايرا بۇلبۇل بۇ چىمەن بولماس خازان، قانۇن بولغاچ.

پارتىيە يېتەكلىگەچ ئۇزۇن سەپەرگە باش بولۇپ،
ئەگىشىپ ماڭدۇق يېقىن گويا كى ئۈيۈلتاش بولۇپ،
بارچە مىللەت ئىتتىپاق سەممى قېرىنداش بولۇپ،
پارتىيىگە رىشتىمىز باغلاندى بىر تۇتاش بولۇپ،
يېتىدۇ مەنزىلگە تېز بۇ كارۋان، قانۇن بولغاچ.

بولسا مىللەتلەر ئىناق ھەم بولسا ۋەتەن بىرلىگى،
شاتلىنىپ قەھقەھ ئۇرۇپ يايرار خەلقنىڭ يۈرىگى،
بولسا بىرلىك ـ ئىتتىپاق، ئاندىن بولار ئەل ھۆرلىگى،
بىزگە روشەن بۇ مۇھىم مەسىلىنىڭ زۆرۈرلىگى،
بۇ زەپەر كاپالىتىدۇر ھەر قاچان، قانۇن بولغاچ.

مانا بىرلىكتەپ قاراڭ بارغانچە كەڭ يايدى قانات،
كۈچىمىز زورايدى تېز ئىشلىرىمىز بولدى ئاۋات،
بۇ گۆھەرگە تايىنىپ قىلدۇق تالاي دۈشمەننى مات،
ھەر زەپەر تەنتەنىسى قىلدى راسا دوستلارنى شات،
قۇچىمىز ھەر سەپتە زور غەلىبە شان، قانۇن بولغاچ.

سوتسىيالىزىم يولى جۇڭگونى قۇتقازدى مانا،
كومموۇنىستىك پارتىيە بولغاچ يېتەكچى باش پانا،
ئەلگە دېموكراتىيە، ياۋغا ئەنە دىكتاتۇرا،
ماركىس، لېنىن، ماۋزېدۇڭ تەلىمى ماياكتۇر گويا،
بۇ توت ئەنگۈشتەر چاچار نۇر ھەر يان، قانۇن بولغاچ.

بىزگە قانۇن يولىمىزدا قىپ - قىزىل بايراق ئەبەت،
بىزگە قانۇن قولىمىزدا بىر ئۆتكۈر ياراق ئەبەت،
چاڭقاق تەشنا يۈرەككە ئۇ شىپا بۇلاق ئەبەت،
ئۇ گويا نۇرلۇق چىراق، نۇر چاچىدۇ پارلاق ئەبەت،
ھەل بۇلار ئەمدى تامام ئارزۇ - ئارمان، قانۇن بولغاچ.

سوتسىيالىستىك زامانغۇلىشىشقا يول ئېچىلدى كەڭ،
ئىشچى ھەم دېخان، زىيالى، . . . روھلىنىپ تۇرمەكتە يەڭ،
تۇتتى ماددى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇشنى تەڭ،
يېپ - يېڭى بىر ۋەزىيەت ياراتقىلى باشلىدى جەڭ،
چۆمدى جۇشقۇن كەيپىياتقا ھەر تامان، قانۇن بولغاچ.

ئەمدى ئۈچقاندەك راۋاج تاپقۇسى بىزدە ئىلمۇ - پەن،
پەن ئۆگەنمەي سالغىلى بولماس تەبىئەتكە يۈگەن،
قىل ئىجات ھەم تەتقىقات، خەلق ئۈچۈن ھارماي ئۆگەن،
ئىلمۇ - پەندىن گۈللىنىپ روناق تاپار ئەل ھەم ۋەتەن،
مەدەنىيەت ئاسمانىدىن كەتتى تۇمان، قانۇن بولغاچ.

سۆيىمىز ئەلنىڭ ئۇلۇغ قانۇننى ئىززەت قىلىپ،
سۇنىمىز قەتئى بويۇن ھەر ماددىغا ھۆرمەت قىلىپ،
سىڭدۈرۈپ ئەل قەلبىگە زور مەنىۋى قۇۋۋەت قىلىپ،
ھەر كۈرەشتە يېڭىمىز دۈشمەننى رەسۋا لەت قىلىپ،
بىز بارارمىز ئىلگىرى بېسىپ ھامان، قانۇن بولغاچ.

بىزگە دەستۇر بۇ قانۇن گۈزەل ۋەتەن قۇرماق ئۈچۈن،
خەلقىمىزنىڭ بەختىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرماق ئۈچۈن،
قۇدرىتى چەكسىز ئۇنىڭ دۈشمەنگە تەڭ تۇرماق ئۈچۈن،
خەۋپ - خەتەر تۇسالغۇدىن ئەلنى قۇتۇلدۇرماق ئۈچۈن،
ئەمدى مەڭگۈ يۇرت بولار تىنچ، ئەل ئامان، قانۇن بولغاچ.

# شېئىرلار

## توختى نەمتۇل

### گۈلۇستان پەيزىدىن...

ئۆزاتتۇق بىر يىلنى زەپەرگە كۆمۈپ،
ئۇ كەتتى ئۆمۈردىن بولۇپ خوش - مەمنۇن.
كەتسىمۇ مېھرىنى ئۈزەلمىدى ھېچ
ياندۇرۇپ قەلبىدە بىر ئۆچمەس ئۇچقۇن.
ئۇ كەتتى، گويا ئۇز - لىۋەن تۇنجى رەت
بولغاندەك ئاشىق ۋەسلىگە مەپتۇن.

بولغاندەك ئاشىق ۋەسلىگە مەپتۇن،
تەلمۈرەر ئۇ ھامان ئېچىپ كەڭ قۇچاق.
كۆكسىدە بار ئۇنىڭ زەپەر گۈللىرى
مۇجەسسەم گۈزەللىك - خۇشبۇي، بىساناق.
ئۆزاتتۇق قانچىلاپ يىلنى بىرمۇ - بىر
بولمىغان كەتكىچە ھېچبىرى مۇنداق.

بولمىغان كەتكىچە ھېچبىرى مۇنداق،
نىچۈن ئۇ مېھرىنى ئۈزەلمەي قالدى؟
بەرسىمۇ ئۆزگىگە رىزالىق ئورۇن،
نىچۈن ئۇ قەلبىگە ھېجرانىنى سالدى؟
ئەلەم ۋە ھەسرەتتىن ئەسەر يوق قىلچە
نىچۈن ئۇ ۋەزنى تاغ بۇ يۈكنى ئالدى؟...

نىچۈن ئۇ ۋەزنى تاغ بۇ يۈكنى ئالدى؟
ئەسلىسەم بولدى كۆڭلى ئالدىمدا روشەن.
ئۇ يىلنىڭ باسقان ھەر ئىزىدا بىنا
مىسالى بولدى ئۆز گىلەمدەك گۈلشەن.
سايرايدۇ كاككۇكلار چېچەكلەر ئارا
تاڭ بىلەن نۇر - زىيا چاچسا كۈن بەلەن،

تاڭ بىلەن نۇر - زىيا چاچسا كۈن بەلەن،
ياڭرار شات ھەر ياندىن مېھنەت ناۋاسى.
قارىسام مېھنەتكەش چېھرىدە ئوينار
بۇ ئازات زامانىنىڭ بەختى جۇلاسى.
كۆردى ئۆز قەدرىنى مېھنەت ئاشىقى
بەخىش ئېتىپ كۈچ قۇتلار ھەر تاڭ ساباسى.

بەخش ئېتىپ كۈچ قۇتلار ھەر تاڭ ساباسى،
پەيزىدىن سېزىلەر جەننەت ھوزۇرى.
ھەر بىر جان سەلتەنەت تەختىدە گويا
بىر شاھكى، مەۋج ئۇرغان خوشلۇق - غۇرۇرى.
يوقالدى دىللاردىن غەمنىڭ تۇمانى،
چاقنايدۇ ھەر دىلدا بەختنىڭ نۇرى.

چاقنايدۇ ھەر دىلدا بەختنىڭ نۇرى،
ۋە تولار ھەر تەنگە تۈگۈمەس قۇۋۋەت.
ئەل - ۋەتەن ئۈمىدىن يۈرەككە تېگىپ
جەڭگاھتا جەڭ قىلار باتۇرلار ھەيۋەت.
ھېرىش يات ئۇلارغا، بولغان ئۇيۇلتاش،
يارىتىپ يېڭىچە كارامەت، خىسلەت.

يارىتىپ يېڭىچە كارامەت، خىسلەت
قالدۇردى ئۆتكۈنچى يىللارنى ھەيران.
يىل سىناش قەستىدە سالدى كۆپ توساق
ياغدۇرۇپ سەل - يامغۇر، چىقىرىپ بوران.
بەزەن بىر شەيتانلار قۇردى دام - تۇزاق،
بىرىبىر تامامى بولدى گۇم - ۋەيران.

بەربىر تامامى بولدى گۇم ـ ۋەيران،
ئۈستىدىن كەلدى خوپ غالىپ شىجائەت.
بەخش ئەتتى شىجائەت تالماس گالڭ قانات
ئاتلاشقا چوققا ۋە ھاگنى ھەر سائەت.
شىجائەت قەلبىدىن يۈرتۇم ئۈستىگە
سىزىلدى ئەڭ گۈزەل بىر نەپىس سۈرەت.

سىزىلدى ئەڭ گۈزەل بىر نەپىس سۈرەت
تارتتى ئۇ ئۆزىگە ھەر دىل مەيلىنى
ئەكەلدى قوينىغا سېھرى كۈچىدىن
قانچىلاپ سەييارە ۋە جاھان ئەھلىنى.
كەلگىنى ئالەمچە شاتلىققا تولۇپ،
قىلىدۇ زىيارەت، خوشال سەيلىنى.

قىلىدۇ زىيارەت، خوشال سەيلىنى.
گۈزەللىك پەرىسى بولغۇنچە شەيدا.
ئېيتىڭلار جاھاننى كەزگۈچى قۇشلار،
دىلىمدا بوپقالدى بىر سوئال پەيدا.
مەن ئېيتاي، بىرىڭلار جاۋاپنى ھازىر،
بۇ كەبى گۈلۈستان يارالغان قايدا؟...

بۇ كەبى گۈلۈستان يارالغان قايدا؟
كۆرگىنى كېتەلمەس شۇڭا ھەر قاچان.
قالسام دەپ تەلمۈرەر ئۆتكۈنچى يىلمۇ،
نە ئامال؟ـ تۇرسا بۇ تارىخ بىر كارۋان.
خوش ئەمسە، كېتىۋەر كونا يىل، كۈلۈپ،
قەلبىڭدە قالمىسۇن ئارزۇ ۋە ئازمان.

قەلبىڭدە قالمىسۇن ئارزۇ ۋە ئارمان،
رىزالىق بەر ئورۇن بۇ يېڭى يىلغا.
پۈركەپ ھەر مىنۇتنى زەپەر گۈلىگە،
پارتىيە باشلايدۇ نۇرانە يولغا.
ئۇيۇشۇپ تېخىمۇ بۇندىن گۈزەل يۇرت
قۇرىمىز لايىق ـ خوپ ئارزۇ ـ ئېقىلغا...

## نۇر چاقنىتاي . . .

قۇياش نۇرى چىقىپلا تەكشى،
جانۇ ـ گىيا ياشنايدۇ ئۇندىن.
گۈزەللىكى ئالەم ـ ئۆمۈرنىڭ،
شۆبھىسىزكى تۇغۇلماس تۆندىن.

نۇر ئەشۇنداق مۆجىزە بەرھەق،
باھاسىنىڭ چېكى يوق ھەرگىز.
قۇدرىتىدىن تاغلار قوم بولار،
خىسلىتىگە سۆز يەتمەس شەكسىز.

نۇر ئىلكىدە ياشنىسا ئالەم،
جىمى يۈرەك يايرىسا نۇردىن.
تۇغۇلىدۇ نۇرلۇق ئىز، غەزەل،
نۇر سۇمۇرۇپ ئۆتكەن ئۆمۈردىن.

نۇرغا جەمدۇر سېخىلىق مەڭگۇ.
ئۇ ئايىماس ئۆزىنى پەقەت.
شۇ خىسلەتنى يار قىلىپ مەنمۇ،
نۇر چاقنىتاي ئەل ئۈچۈن ئەبەت . . .

## ئەلچى ئەۋەتتى...

ـ بۇرۇن ئىدى قەدىمىڭ ۋەزمىن،
ئەمدى ئەجەپ بولۇپسەن سايىاق؟
ئۆي ـ تالادا ئالدىراش دائىم،
يا ئايالىڭ سالامدۇ تاياق؟...

ـ چاخچاق قىلما ـ دېگەنچە دوستۇم،
كۆڭلىدىكى سۆزىنى دەۋەتتى:
ئايىغىمنى قىلغاچقا سايىاق،
بەخت بىزگە ئەلچى ئەۋەتتى...

## بەختلىك يىللار...

(بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن)

چاقچاق قىلدىم بىر كۈنى كەچتە،
دىلبىرىمگە ئوينۇشۇپ قەستەن؛
- نەچچە بالىلىق بولۇپ قىلىپمۇ،
كۆرۈنىسەن كۈندىن - كۈن لەۋەن؟...

قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلدى بىر ھازا.
كۈلكىسىگە كۈلكەم جۆر بولدى.
بۇ كۈلكىمىز زامان شەنىگە،
ياڭرىغان بىر غەزەل خور بولدى.

ئۇ قاقاقلاپ كۈلگەنچە دىدى:
- گۈزەللىشىپ بارامدىمەن مەن؟
دىدىم: - شۇتاپ ھۆر - پەرى سەندىن،
ئاسمان - زىمىن پەرقىدەك تۆۋەن.

راستە دوستلار، ھايات گۈل بولسا،
گۈل كۆرۈنەر ھەر نەرسە كۆزگە.
كۆڭۈل خوشلۇغى - ئۆمۈر خوشلۇغى،
چىقار كۆڭۈلنىڭ ئىكرانى يۈزگە...

## ئىشقا سال...

سىياقىڭنى بىرلا كۆرۈپ، بولدى كۆڭلۈم شۇندالال،
ئىچىنىپ - ھەسرەت دىلىمنى قىلدى زەپمۇ رام - قامال.

بۇ سائادەتلىك زامان بەرسە ساڭا ئىمكاننى كەڭ،
سەن بىلىپ ياشلىقنى ئەلا ئويناپ - كۈلۈپسەن بىمالال.

ئىجتىھات بىرلە خەلقىم دەپ تۆكسە تەر تەڭتۇشلىرىڭ،
سەن يۈرۈپ بىھۇدىلا ئۆمرۈڭگە قىپسەن كۆپ ئۇۋال.

نەۋ باھار كەتسە، زىمىستان پەسلىدە گۈل سۇنغۇسى،
توزۇغان شۇندا چىچەك بەرگەنمۇ قايسى ۋاقتا بال.

دەۋرىمىز ئايرىپ چىقار ساپ زەر بىلەن زەڭنى ھەق،
ئويغۇنۇپ، خەلقىم ئۈچۈن ئەقلۇ - كۈچۈڭنى ئىشقا سال...

# شېئىرلار

## روزى نىياز

### سۆھبەت

ئون ئىككى سان بىلەن سائەتنىڭ تىلى
دەلمۇ- دەل جۈپلەشكەن مەھەلدە- دەمدە.
خانەمگە ئىز باسقى ئىجازەت سوراپ،
يېڭى يىل مۇبارەك- قۇتلۇق قەدەمدە.

ئۇ كەلدى، ياشلىغىم ئېقىمىلىرىغا،
ئۆركەشلىك ئارزۇ ھەم دەرمان بېغىشلاپ.
يولىغا خوشلۇغۇم- پاياندازـ چىمەن.
«مەرھەمەت تۆرگە»- دەر ئىدىم يېنىشلاپ.

بايرىمى زەۋقىدە كۆرسىتىپ لۇتفى،
ئالدى جاي يېنىچاق- سۆلكەتلىك بىلەن.
تۇتتۇمەن قولىغا تەبرىك جامىنى،
سۈپ- سۈزۈك شارابى جىمىرلار روشەن.

جىرىڭشار قولاقتا يېقىملىق ئۈندە،
سۇنۇلغان قەدەھلەر ھىلىدىن- ھىلى.
بارغانچە شەلپەردەك قىزاردى يۈزلەر،
يۈرەككە يامىشىپ ھارارەت تېۋى.

سۆرۈندا سوھبەتنىڭ كېلىپ نۆۋىتى،
سۆز ئاچتى ئۇ، كونا يىلنىڭ ھالىدىن.
سوردى مېنىڭدىن چوڭقۇرلاپ- تىرەن،
تۆتىلىش جېڭىنىڭ ئۇتۇق- شانىدىن.

جاۋاپلار قايتۇردۇم مۇپەسسەل- يارقىن،
مۆجىزە بابىنى بىر- بىر ۋاراقلاپ،
زېھنىڭ- رايىنى ئەيلىدىم ئەسىر،
پاكىتلىق تەپسىرنى پات- پات تۇراقلاپ.

قايىللىق ئىلكىدە لىڭشىتىپ باشنى،
چالدى زەپ بىجىرىم كۆلكىدە چاۋاك.
بەردى ۋە بەزىدە ئېغىر خۇرسىنىپ،
كەچمىشلىك يىللاردىن تەربىيە- ساۋاق.

«خۇرسەنمەن،- دەپ دۇردان تۆكتى لېۋىدىن،-
جۇڭخۇادا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن.
تۆت گۈلدىن چاھار باغ قۇرماقلىق ئۈچۈن،
يۈكسەككە ئىنتىلىش- يۈزلىنىشلەردىن.

بولىدۇ ھەر يىلنىڭ ئۆزگىچە يۈكى،
شۇ ۋەجىدە كەلمىدىم مەنمۇ قۇرۇق قول.
ئەمىندەن، چەندانە يۈكلەر يۈدۈشنى،
جۇڭگولۇق ئارسلانلار كۆرىدۇ مەقبۇل.... .»

تىك تۇرۇپ ئىشەنچىنىڭ مۇنبىرىدە مەن
سۆزنى قەيت قىلىپ، يەنە گەپ ئاچتىم.
كۆزۈمدە ئىپتىخار ئوتى ۋىلىلداپ،
كەۋسىرى بولاقتەك ئۇرغۇدۇم- تاشتىم:

«يۈك ئېغىر، يول قىيىن، سېپىمىز گىگانت،
پارتىيەم — يەر كوكتە رولچى- نىجاتكار.
ئانىجان دىياردا مىللەتلەر ئىناق،
ئەل- خەلقىم مىسلىسىز باتۇر، ئىجاتكار.. .

ۋەتىنىم ھاۋاسى- دىللار ئارامى،
قانۇنى- تۈزۈمى ھەممىگە مىزان.
كەڭ يايلاق ئېتەكنى ئىمكان ئاسمىنى،
بىر مىليارت كۆڭۈلدە بىر ئىستەك- نىشان.

ئىجتىھات قېلىچى گويا كى چاقماق
شىجائەت جوردا شتۇر چاقچىلاڭ- تاردىغا.

ئۈزايسەن، ياسىنىپ، سەنمۇ- يېڭى يىل.
خۇش ئىككى قورۇلۇش پەسلى ئەييامدا.»

مەمنۇنلۇق ھىسسىدە ئاپتاپتەك يورۇپ،
خوشلاشتى مەن بىلەن يېڭى يىل- دىلبەر.
نەزىرىم نۇرلىرى كېزىپ ئالەمنى،
ئاتلاندىم جەڭگاھقا تۇرۇپ تاڭ سەھەر.

### ئەينەك

زەپمۇ چىرايلىق سۈزۈك ئەينەكنىڭ،
يۈزىنى غۇبار ئاسمىدۇ بەزەن.
كۆرسەتەلمەيدۇ ئاڭا باققاندا،
كىشى چىھرىنى ئوپ- ئوچۇق- ئەينەن.

بولسا گەرناپاك ئىنساننىڭ قەلبى
چىرمىلىشىدۇ ئىللەتلەر بىلەن.
لەۋزىدىن «گۈل» دەك سۆزلەر ياغدۇرۇپ،
ئىش- ئەمەلدىن ئۇندۇرەر تىكەن.

### رۇبائىلار

بارچىگە كەڭ- سېخىدۇركى ھايات سەھنىسى،
قاينار ئۇندا ئوقۇش، مېھنەت، ئىجات بەزمىسى.
دىلىغا ئەسرار پەقەت ھەر كىم ئىشى سازىغا،
تەرۇ- قاندىن تارلار ئېشىپ قىلغان نەزمىسى.

كەلىدىم بۈگۈن ئاڭ- دىلىمغا پەن-قورال ئېسىپ
پەدەرلەرنىڭ شەپەق رەڭلىك ئىزىنى بېسىپ.
رازىدۇر مەن باش قويغانغا قىلىپ چۆللەردە...
ئەل- خەلقىمگە بەختلىك دىم بولسىلا نېسىپ.

# ئىككى شېئىر

## قۇربان مامۇت

### سەپەر ناخشىسى

بۇلۇتلار توپىنى يېرىپ بورانقۇش،
چاقماقلار ئىچىدە قىلىدۇ پەرۋاز.
ياڭراق جەڭ سىگنالى، زەپەر نەغمىسى،
ئۇ بوران ئەۋجىدە قىچقارغان ئاۋاز.

قەيسەرلىك، جۇشقۇنلۇق، مەرتلىك مەشئىلى،
چاقنايدۇ بورانقۇش سۆيگەن ھاياتتا.
ئۇنىڭكى باتۇرلۇق خىسلىتى نەدە؟
بورانلار تاۋلىغان بىر جۈپ قاناتتا!

دولقۇنلار كۆتەردى تومۇردا قېنىم،
كۆرگەندە بورانقۇش جۇرئىتىنى مەن.
ئوخشاتتىم شۇ باتۇر قۇش پەرۋازىغا،
بۇ قىزىل كارۋاننىڭ سۈرئىتىنى مەن.

كەلمەكتە شۇ بوران قۇشىدەك ھەيۋەت،
بۇ ئۈزۈن سەپەرنىڭ غالىپ كارۋىنى.
يەلكىدە تاغدىن زور يۈكنى يۈكلىگەن،
نەيۈك ئۇ ئەجداتنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى.

بىر مىلليارت يولچىدىن شانلىق كارۋاننىڭ،
تۈزۈلگەن يېمىرىلمەس سېپى ـ قامىتى.
ئەشۇ سەپ ئويۇشقان مىللەتلەر دېمەك،
كارۋاننىڭ تالماس جۇپ پولات قانىتى.

كېلىمىز ھېچكىم ئىز باسمىغان يولدا،
نۇرانە ئەتىگە داغدام يول ئېچىپ،
جاپالار دەشتىگە چۈشكەن قەدەمدىن،
شەپەقتەك چوغ رەڭلىك سولماس گۈل ئېچىپ.

بورانلىق يوللار بۇ ھەمدە چاقماقلىق،
سىنار ئۇ كارۋاننىڭ شىجائىتىنى.
سىنار ئۇ شىددەتلىك چاپقۇنلار ئارا،
ھەر ئۆتكەل داۋاندا شىجائىتىنى.

بۇ يوللار سىنىقى تارىخ سىنىقى،
ئۇ سىناق يېڭى بىر ئەسىرگە كېلىمەت.
ئۇ سىناق مۇقەددەس تۆت بۈيۈك نىشان،
چېچەكلەپ گۈل ئاچار دەۋرگە كېلىمەت.

ئۆتتۇق بىز، ئۆتىمىز كۆرمەڭ سىناقتىن، ٥
ئويۇشقان كۈچكە ئۇ ھېچبىر سىر ئەمەس.
ئىناقلىق غەلىبىنىڭ ئانىسى دېمەك،
شۇڭا بىز ئالىمىز شان بىلەن نەپەس.

مەردىپەت قوياشى داغدام يولىغا،
نۇر چاچقان سەپەرداش مىللەت بىز بۈگۈن.
شەرقتە ھەيۋەتلىك پولات ئېقىمدەك،
مەۋج ئۇرغان زەپەرداش مىللەت بىز بۈگۈن.

قۇدرەتلىك ھاياتى كۈچ چاقناپ تۇرار،
بورانقۇش مىسالى پەرۋازىمىزدا.
ياڭرايدۇ ئۇلۇغۋار ئەلنىڭ ئاۋازى،
يېڭىشقا چىلىنغان جەڭ سازىمىزدا.

بولغاچقا پارتىيەم كارۋان رولچىسى،
گۇمان يوق قوياشلىق ئىقبال بىزگە خاس.
«تۆتلىشىش» باغلىرى گۈل ـ چېچەك ئاچقان،
كېلىچەك ئاتلىق بۇ ۋىسال بىزگە خاس.

## بەختىم

ئادالەت تېڭىنىڭ پاتماس قوياشى
چاقنايدۇ بىغۇبار چېھرىڭدە ۋەتەن.
سەن بۈيۈك نۇر ئېلى، ئىستىقبال ئېلى،
ياشنايدۇ گۈل ھايات مېھرىڭدە ۋەتەن.

شۆھرەتلىك ئەجداتنىڭ ئەۋلادى بولۇپ،
باغرىڭغا تاك بىلەن تۆرەلدىم سەندە.

ئالدىمدا كەڭ قۇچاق ئاچتى كېلىچەك،
سائادەت نۇرىغا بۆلەندىم سەندە.

شەۋكەتلىك نامىڭنى ئۇلۇغلاپ مەڭگۈ،
ئىجات ۋە مېھنەتتە ئۆتمىگىم بەختىم.
باغرىڭغا ئىشقىۋاز بولبۇلگۈيادەك،
تىلىمدىن گۈل ۋە كۈي تۆكمىگىم بەختىم.

# هېكىم شېيىخ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھېلىم

(ھېكايە)

مۇھەممەت لىتىپ

مەن بۇندىن بىر قانچە يىل بۇرۇن، دېخانلارنىڭ «قايتا تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش» ئۈچۈن، قوش گۈمبەز يېزىسىدا تۇرغان ئىدىم. بۇ يىل ئەتىيازدا ئوقۇتقۇچى ئاغىنەم زۇنۇننى يوقلاپ كېلىش سەۋەبى بىلەن بۇ جايغا يەنە بىر قېتىم كېلىشكە ۋە كۆڭۈللۈك سەيلە قىلىشقا مۇۋاپىق بولدۇم. بۇ يەردىكىلەر ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئالدىنقى يىلى قۇرۇۋاپتۇ. زۇنۇن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە بىرىنچى سىنىپنىڭ مەسئۇلى ئىكەن.

قوش گۈمبەزنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن بىباھا گۆھەرگە تولغان تىيانشان تاغ تىزمىلىرى كېسىپ ئۆتىدۇ، تاغ ئېتەكلىرىدىكى يېشىل دېڭىز ھاسىل قىلغان قېلىن ئورمانلىقلار، رەڭمۇ - رەڭ گۈللەرگە پۈركەلگەن يايلاقلار، مەيىن شامالدا جىلۋىلىنىپ، خۇشبۇي پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. چىمەنلىك سايىنى خۇددى كۈمۈش لېنتىدەك كېسىپ ئۆتىدىغان شوخ تاغ سۈيى ئۇزۇنىسىغا، توغرىسىغا گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇششاق ئېرىقچىلاردىن تال - تال قان تومۇرلىرىغا ئوخشاش كەڭ زېمىننى ئابىھايات بىلەن تەمىنلەيدۇ، تاغنىڭ چوققىسىدىن قوش گۈمبەز يېزىسىنىڭ مەنزىرىسىگە نەزەر سالساق، خۇددى جانان قىزنىڭ سۆيگەن يارىغا ئاتاپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل گۈللەر نۇسخىسىنى نەقىشلەپ تىككەن دوپپىسىغا ئوخشايدۇ. مەخمەلدەك يۇمشاق، ئۇنۇملۇك ئېتىزلارنى مېۋىزارلىق باغلارنى، چىمەنلىك زىرائەتلەر بۆلەكلەرگە ئايرىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر بۆلەكتە بىر خىل گۈل، ھەر بىر گۈلنىڭ غۇنچىسى ئۆزگىچە. بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىم تاناپتەك تۈپ - تۈز كەتكەن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەل - دەرەخلەر خۇددى جەڭگىۋار سەپتىكى قاۋۇل جەڭچىلەرگە ئوخشايدۇ. ئېتىزلارنىڭ نېرىسىدا تاغ باغرىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان مەھەللىلەر خۇددى كۆكتىكى پارچە - پارچە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلاردەك شۇنچە سۈزۈك، شۇنچە كۆركەم كۆرۈنىدۇ.

زۇنۇن بىلەن ئىككىمىز شەبنەم چاقنىغان يۇمران ئوت - گىيالارنى دەسسەپ سەيلە قىلىپ قەلبىمىزنى تەسىراتلار بۇلىقىدا راھەتلەندۈرۈپ، توزدەك ياسانغان تەبىئەت ھۆسنى ھەققىدە قىزغىن پاراڭلاشقاچ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كەلدۇق. مەن ياۋا گۈللەرنى تېرىۋاتاتتىم. تۇساتتىن ئالدىمىدىن قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ بوز توشقان بالىسى چىقىپ قاچتى، مەن قوغلىدۇم. ئۇنىڭ بىر قېچىپ، بىر توختاپ قىزىقتۇرۇشى بىلەن قوش گۈمبەز مازارلىقىغا كېلىپ قالغىنىمىزنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن.

قوش گۈمبەز - يېزىنىڭ ئۈستىدە، تاغ باغرىدىكى دۆڭدە ئىدى. كىشىلەرنىڭ زىكرى قىلىشىچە، ئۇ ئەسلىدە كالا شېيىخلىقى خوجاملىقىغا تەۋە بولۇپ، كالىلىرى تۇققاندا كىشىلەر قوش گۈمبەزگە كېلىپ، موزىيىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ تاۋاپ قىلاتتى، سەدىقە بېرىشەتتى. كالىنىڭ

تۇنجى سۈتىنى گۈمبەز شېيخىغا ئىچكۈزۈپ، شېيخىنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتى. شۇ يىللىرى سېلىم دېگەن كىشى قوش گۈمبەزنىڭ 13 - ئەۋلات شېيخى ئىكەن. مەن سېلىم شېيخىنى كۆرمىدىم. لېكىن قوش گۈمبەزنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئىدىم. ئۇنىڭ گۈمبەز تاملىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى، بورانىنىڭ يالىشى بىلەن ئوتمۇ- تۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئىدى. مانا ھازىر ئالدىمدا قېچىۋاتقان توشقان بالىسىمۇ گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان يەر تاپالماي ئالدىغا قاراپ كېتىپ قالدى.

مەن قوش گۈمبەزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدىم:

1969 - يىلىنىڭ زىمىستان قىش كۈنلىرى ئىدى. بىز شۇ يەرلىك پىشقەدەم دېھقان ھېكىم ئاكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تيانشان تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە ياغاچ كەسكىلى بارغان ئىدۇق. 20 نەچچە كۈن قاتتىق ئىشلىدۇق. بىر ئايلىق دەپ ئېلىپ چىققان ئوزۇق - تۈلۈكىمىزنى يەپ قوياي دەپتىمىز. ھېكىم ئاكا يۇمشاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ زۇكامداپ قالغانلىقىمنى نەزەرگە ئېلىپ، مەھەللىگە بېرىپ داۋالاتقاچ نورما ئەپكېلىشىمنى بۇيرىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىدىغانمۇ بولاتتى. بىراق مەن كەلگەن كېچىسى مەھەللىدە ھېكىم ئاكىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئىش يۈز بەردى:

بىرىنچىسى ھېكىم ئاكىنىڭ كىچىك ئاتىسى سېلىم شېيخ قازا تاپتى. ئىككىنچىسى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھېكىم ئاكىنىڭ ئايالى ھەسەلخان كۆز يورۇدى. شۇڭا مەن زۇكامنى ئاددى چاغلاپ، دوختۇرغا كۆرۈنمەي ئەتىسىلا بۇ شۇم ھەم خۇشخەۋەرنى ئېلىپ تاققا قايتتىم. ھېكىم ئاكىغا كېيىنكى خەۋەرنىلا ئېيتتىم. ئۇ تۇنجى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىك شاتلىقى بىلەن كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ ئۆيىگە قايتتى. ئەپسۇسكى مېنىڭ كېسىلىم ئېغىرلىشىپ يېتىپ قالدىم. بۇنىڭدىن ئۆيدىكىلەر خەۋەر تېپىپ مېنى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قوش گۈمبەزدىن تۇيۇقسىز ئايرىلغان ئىدىم.

مەن مۇشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ ئارقامدىن يېتىپ كەلگەن زۇنۇنغا:

— قوش گۈمبەزمۇ ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بەلكىم شېيخىمۇ يوقتۇ، شۇنداق بولغاندىكىن نېمە ئۈچۈن بۇ گۈزەل يېزىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتمەيسىلەر؟ دەپ سورىدۇم.

ئۇ ماڭا تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى:

ھېكىم ئاكا تاغ ئىچىدىن چىقىپ قوش گۈمبەزنىڭ پاسىلىغا يېقىنلاشقاندا قۇياش غەرب تەرەپكە ئاققان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەقىل - ھوشى يېڭىدىن دۇنياغا تۆرەلگەن بوۋاقتىلا جەملەنگەنلىكتىن مەلىدىن كېلىۋاتقان يىغا - زار ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمىدى. ئاستىدىكى بوز ئاتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ، يولدا ئۇچراشقان كىشىلەرگىمۇ پەرۋا قىلماي، ھويلىسىغا كىرىپلا ئاتتىن چۈشتى. ئۇ «يىراقتىن كەلگەن يولۇچى تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىسسىرىقلىنىش كېرەك» لىكىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇدۇللا ھەسەلخان ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. — ئوغۇل تۇغۇپسەن-دە خوتۇن، يارايسەن! قېنى مەن بوۋاقنىڭ رەڭگى - روھىنى كۆرەيچۇ، — دېدى ھېكىم ئاكا ئۇچىسىدىكى پور جۇۋىسىنىمۇ سېلىۋەتمەي، ھەتتا ساقال - بۇرۇتلىرىغا قونغان قىرولارنىمۇ ئەرىتمەيدى. ئۇ يىرىك قوللىرى بىلەن ئانىنىڭ قېشىدا شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋاقنىڭ يۈزىنى ئاچتى، سەردان تۇغۇلۇپتۇ. پېشانىسى كەڭ، نۇرلۇق كۆرۈنىدىغۇ، چوڭ بولسا خۇددى ماڭا ئوخشاش چەك يىگىت بولامدۇ نېمە؟ دېدى ئۇ ئەمدىلا ھەسەلخانغا نەزىرىنى بۇراپ.

ھەسەلخاننىڭ چىرايى سۈتتەك ئاقىرىپ كەت-

كەن ئىدى. ئۇ قۇرۇشقان كالپۇكلىرىنى ھول-
لەپ ھېكىم ئاكىغا تىكىلدى: — شۇنداق، شىخ
بولىدۇ، شېيىخ! — دېدى ئۇ ئاجىز قوللىرى بى-
لەن بېشىدىكى ياغلىقنى تۈزەۋېتىپ، سېلىم
شېيىخ قوش گۈمبەزنىڭ شېيىخلىقىنى ئۆزلىرىگە
ئامانەت قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بۇنى
ئۇقمىغانلار تېخى! . . . .

— نېمە دەيسەنوي! سېلىم شېيىخ مېنى تۈگ-
گۈزدەك كورەتتىغۇ، قانداقسىگە . . . .

ھېكىم ئاكىنىڭ كەيپى ئۇچۇپ كەينىگە دا-
جىدى - دە، يانچۇقىدىن قەغەز ئېلىپ تاماكا
يىمىرىشكە تەمشەلدى. ھەسەلخان ئىنچىقلاپ قوز-
غۇلۇپ، دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن سوزلىدى:

— ئەمدى تاماكا چەكمىسىلە، سېلىم شېيىخچۇ،
بىر نەۋرە تۇققۇنۇم دەپ، شېيىخلىقنى ئۆزلىرى-
گە قالدۇرغاندۇ، تايىن، ماگىسلا، سېلىم شېيىخ-
نىڭ ئۆيىگە بارسىلا، ئۆزلىرىنى ساقلاپ ھېيتنى
تېخى يەرلىككە قويمىغاندۇ بەلكى، شېيىخلىق
يەكتىگىنى كىيىپ تۇققاندارچىلىقنى يەتكۈزسى-
لە، باش بولۇپ نامىزىنى چۈشەرسىلە، دېدى.

ھېكىم ئاكا قولىدىكى تاماكا قەغىزىنى تى-
تىپ يەرگە تاشلىۋەتتى، نىمىلەرنىدۇ كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاستا ئۆيدىن
چىقتى. يىگىلا باشلانغان شامال ئۆيدىن چىققان
ھېكىم ئاكىنى سەسكىندۈرۈۋەتتى. مەلىنىڭ غەر-
بىي چېتىدىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازى كىشىگە
ۋەھىمىلىك ئاڭلىناتتى. ئۇ شۇ تەرەپكە كېتىۋات-
سىمۇ پۇتلىرىغا مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى تاش
ئېسىلغاندەك ئاستا ھەم ئېغىر چامدايتتى، قا-
راڭغۇ خىياللاردىن قەددىنى رۇسلىيالماي ھەم
بىر قارارغا كېلەلمەي قىيىنالىۋاتقان ئىدى.
«سېلىم شېيىخ شېيىخلىقنى ئوغلىغا قالدۇرماي
نېمە ئۈچۈن مېنى تاللىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتى.
ئۇ، ئۇ ھاراقكەشكە كۆڭلى ئۇنىمىغانمىدۇ - دە،
مەنچۇ؟ موللامدا ئاز - تولا ئوقۇدۇم. بۇ بىر
تەرىپى، ئەڭ مۇھىم تەرىپى، ئۇ ئۆمرىدە دالا-
لەت قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئەقىدىسىنى
ئەمدى ماڭا تىگىپتۇ - دە،» ھېكىم ئاكا ياشلى-
قىدا سېلىم شېيىخ بىلەن مۇناسىۋىتىدىكى بو-
لۇپ ئۆتكەن ۋاقەلەرنى ئەسلەشكە باشلىدى:

«يۇرتىمىز ئازات بولغاندا راسا كۈچكە تول-
غان، ئېقىل - ئىدرىكى يېتىلگەن 22 ياشلىق
ھېكىم يېزا ئاكتىپلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ يې-
زىدىكى يېڭى ھاياتقا ئۆزىنى بېغىشلاپ، دېمو-
كراتىك ھەركەتلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ، پو-
مېشچىك - زومىگەرلەرگە يۈز تۇرانە تۇرۇپ
كۈرەش قىلغان. ئازسانىدىكى ئۆلىما شېيىخلارنىڭ
ئالا - يەكتىگىنى نەفاپلاپ يېڭى ھاياتقا تاش
ئاتقانلىرىدا دادىل مەيدىسىنى كېرىپ چىقىپ،
بەس - مۇنازىرە ئېچىپ ئۇلارنىڭ رەسۋاسىنى
چىقارغان، كوللېكتىپلەشتۈرۈش ھەركىتىدىمۇ
ئوت يۈرەك جاسارىتى ۋە ئىشتىكى ساداقىتىنى
نامايەن قىلغان ئىدى. قوش گۈمبە-
زلىكلەردە ئات - كالىلار
ئاغرىپ قالسا مال دوختۇرىغا كۆرسىتىش
ئادىتى يوق ئىدى. پەقەت سېلىم شېيىخ دەم
سېلىپ، ساغرىسىنى سىلاپ قويسىلا شىپالىق
بېرىدۇ، دەپ قارىشاتتى. بىر يىلى دۈينىڭ
ئۆكۈزى كېسەل بولۇپ قالدى. كادىرلار ئۆكۈزنى
مال دوختۇرىغا كۆرسىتىشكە ماخوچىنى ھەرگىز
ماقۇل كەلتۈرەلمىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ھېكىم
ماخودا پەيدا بولۇپ، ماخوچىنىڭ «تىل تۇمارى»
نى كۆككە سورۇۋېتىپ ئۆكۈزنى مال دوختۇ-
رىغا كۆرسەتتى. سېلىم شېيخ بۇنى ئاڭلاپ-
كالپۇكلىرى تىترەپ ئورنىدىن چاچراپ
تۇردى - يۇ، بىر ھەسرەتلىك «ئۇھ»
تارتىۋېتىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ھېكىمنىڭ تام خوشنىسى
ئابلەتنىڭ كالىسى تۇغدى. ئۇ ئادەت بويىچە
كالىنىڭ تۇنجى سۈتىنى سېلىم شېيخقا ئىچكۈ-

زۇپ دۇئاسىنى ئالماقچى ئىدى. شوخ ھەم جۇر-
ئەتلىك ھېكىم ئابلەتنىڭ ئەقىدىسىنى بۇلغاپ،
شېيخ ھەققىنى ئېچىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ خىل «بې-
شەملىكى»دىن ئابلەت قاتتىق رەنجىپلا قالماي،
بۇنىڭ كۈنايى ئۆزىگە ئارتىلىپ قېلىشىدىن
قورقۇپ ئەھۋالنى سېلىم شىخقا مەلۇم قىلدى.
بىر قېتىم سېلىم شېيخ دەرغەزەپكە كېلىپ پىشا-
نىسىدىن مۆزدەك تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ قوشۇ-
مىسىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكتى
ۋە:

— بىلىمەن، ھېكىم تېخى ياش، ئۆزىنى
بىلەلمەيۋاتىدۇ. خۇدانىڭ كۈنى ئۇزۇن، ئەلھەم-
دۇلىللا. كۆرىمىز، ھېكىمەۋلچوك بولىدۇ. يېشى
توختىغاندا ئاخىرەتلىكىنى ئويلىماي قالمايدۇ.
ئەلھەق، شۇۋاقىتتا بەكۋاش يىللىرىدىكى سە-
ۋەنلىكلىرى ئۈچۈن پۇشايمان يەيدۇ — دە، ئۇ-
مۇ ئۆز كالىسىنىڭ سۈتىنى ماڭا ئەپكىلىپ بېغىش-
لايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، — دېدى.

شۇ ۋاقىتتا ھېكىم سېلىم شېيخنىڭ بۇ ئۈ-
مىتۋارلىقىنى مەنىستىمىدىلا ئەمەس، بەلكى مەس-
خىرە قىلىپ قاھ - قاھلاپ كۈلدى ۋە:

— سېلىم شېيخ، — دېدى ئۇ بىر ئاممىۋى
يىغىندا كۆرەشلەپ، — بىر قاچا سۈتنى ئىچەل-
مەي مېنىڭ ئۈستۈمدىن ھېكمەت توقۇپتۇ، بىز-
نىڭ پەرۋايىمىز پەلەك، خۇراپاتلىق — نادان-
لىق قۇرۇپ كەتسۇن! — دېدى.

كۈڭشىبلاشقاندىن كېيىن سېلىم شېيخنىڭ بىر
قېتىملىق ئويۇنى بەكمۇ كۈلكىلىك بولدى: بىر
كۈنى داۋۇتتە مەھەللىلەرنى رەتلەش، ئېتىزلار-
نى سالالاشتۇرۇش توغرىسىدا يىغىن ئېچىلدى.
يىغىن تۈن - يېرىمىدا ئاخىرلاشتى. ھېكىم يى-
غىندىن چىقىپ ئېشەكىنى مىندى، قامچىسى بىلەن
بىر ئۇردى - دە، ناخشىسىنى قىردا قويۇپ، ئۆيى-
گە قاراپ ماڭدى. تۈن قاراڭغۇلۇقىدا بىر مې-
تىر ئالدىدىكى نەرسىنى ئاڭقىرىغىلى بولمايت-
تى. ئېشەك ئۈچۈن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق،
ئۇ بەرىبىر ئۆيىگە باشلاپ بارالايدۇ، مۇشۇ ئې-
شەنچىدە ھېكىم ھېچنېمىدىن غەمسىز ئېشەكىنى
يانچە مىنىپ كېتىپ باراتتى. ئېشەك تۇيۇقسىز
شۇنداق قاتتىق ئۈركىدىكى، سولغا ئۆزىنى ئات-
قاندا. ھېكىم كەينىگە دۈم چۈشتى. ئۇ بېلىنىڭ
ئاغرىق ئاۋازىدا بىر دۈگۈلىنىپ ئورنىدىن تۇرغا
يېتىپ قالدى. ئېشەك بولسا قورقۇنۇچلۇق ھاڭ-
رىغان پېتى كېتىپ قالدى. ئېشەكنىڭ مۇنداق
دەھشەت ئۈركۈپ كېتىشىدىن ئۇ «بۇ كونا جاڭ-
زا «جىن»نىڭ ماكانى ئەمەسمۇ» دېگەننى خى-
يالىدىن ئۆتكۈزۈپ بېشىنى كۆتەردى - دە، ئۆزى-
گە 5 - 4 مېتىر نېرىسىدا بىر ئالا - چىپار،
يۇمۇلاق - تومۇلاق «جىن»نىڭ راستىنلا كېلى-
ۋاتقانلىقىنى غۇۋا كۆردى، ھېكىمنىڭ كۆزلىرى-
دىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن لىككى-
دە تۇردى — يۇ، بىر قەدەممۇ ماڭالمىدى. تۇ-
يۇقسىزدىن ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى.
«جىن» يېقىنلا كېلىپ قالدى. قوزۇقتەك قېتىپ
قالغان ھېكىم قورقۇنچىسىدا ئۇنى راسا كۈچەپ
بىر قامچا ئۇردى.

— ۋايجان! — «جىن» بىر چىقىردى - دە،
ئورنىدا يېتىپ قالدى. بۇ كۈچ - غەيرەت نە-
دىن كەلدىكىن، ئۆزىمۇ گاراڭ ھالەتتە قاچە -
قاچە ئۆيىگە كەلدى ۋە كېچىچە كىرپىك قاقمى-
دى. ئۇياققا ئۆرۈلسىمۇ، بۇياققا ئۆرۈلسىمۇ
«جىن» ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تىوغرا تۇراتتى.
خۇراپى - نادانلىق ئۇنى «جىن»غا ئىشەندۈ-
رەتتى. ئەقەللى كۈچ بولسا، ئۇنىڭ ئويلاپ
كۆرۈشىنى، تەھلىل قىلىشىنى دالالەت قىلاتتى.
«ئۇ راستىنلا «جىن»مۇ؟» شۇ ئان جاۋاپ بې-
رەتتى ھېكىم، — «جىن» بولسا نېمىشكە قامچا
زەربىدىن چىقىرايدۇ . . . . يېقىندا سېلىم شېيخ
«ئەسكى ئۆي، ئەسكى تاملارغا چىقىلماڭلار،
يالغۇز دەرەخنى قومۇرماڭلار، ئۇ يەرلەر جىنلار

ماكانى، جىننىڭ ئۇۋىسى بۇزۇلسا يۇرتنى پالا-
كەت باسىدۇ» - دەپ يۈرەتتى، ھېلىقى «جىن»
نىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئەجەپ ئوخشاي-
دۇ...»

ئەتىسى ھېكىم سېلىم شېيخنىڭ يېتىپ قال-
غانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. «تۇققانچىلىق» بانى-
سى بىلەن ئۇنى يوقلاپ باردى. ئۇ ھېكىمنى
كۆرۈپلا بېشىنى يوتقان بىلەن يۆركەپ تەتۈر
قارىۋالدى. بۇ سىر ئىككى ئادەمنىڭ ئارىلىقى-
دا قېلىۋەردى، كۆكلىپ ئىشلىرىمۇ ئۆز يولىدا
كېتىۋەردى...

كۆچەيگەن شامال ئېلىپ كەلگەن يىغا
ئاۋازىدىن ھېكىمنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى. ئۇ قە-
دەمنى تېزلىتىپ بېرىپ، سېلىم شېيخنىڭ ماتەم
قاينىمىغا كىرىپ كەتتى.

جامائەت ھېيتنى ئۈن - تۈنسىز ئۇزاتتى.
شۇنىڭ بىلەن قوش گۇمبەزنىڭ شېيخلىقىمۇ
ئايىغى ئۈزۈلگەندەك ھېچكىم تىلغا ئالمىغان
ئىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن كىشىلەردىكى
ئادەت كۈچى ۋە نادانلىق ئىللەتلىرى تۈگەپ
كەتمىگىنىدەك ھېكىمگىمۇ شۇنداق باھا بېرىش-
كە تېخى بالدۇر ئىدى. لىللا گەپ قىلساق ھې-
كىمگە قوش گۇمبەزنىڭ شېيخلىقىدىن قۇرۇق نامىمۇ
سىڭمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ «ئىنقىلاپ» يىللىرى-
مۇ يېزا ئاكتىپلىقى ئابرويىنى ساقلاپ كېلىۋا-
تاتتى. لېكىن بۇ «ئىنقىلاپ» دىخانلارغا ھېچ-
بىر نەپ بەرمىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى «كا-
پىتالىزم قۇيرۇقى» - دەپ قىرقىپ ھالىنى قوي-
مىدى. پۇت - قولىنى چۈشەپ قويدى. تېرىلغۇ
يەرلەرنى پىتىرلاشتۇرۇۋەتتى. مەھسۇلات كېمەي-
دى. نۇرغۇن دىخانلارغا ئوخشاش ھېكىم كەت-
مەن چېپىپ بەللىرى مۈكچەيدى - يۇ، تۇرمۇ-
شى ياخشىلانمىدى، ئۆزلىرى كەڭ دۇنيادا يا-
شاۋاتقاندەك قىلغان بىلەن قانداقتۇ بىر قە-
پەزگە سولۇنۇپ قالغاندەك، كۈننىڭ ئىللىقلى-
قىنى سەزمەيتتى. ئالەم تارىيىپ كەتكەندەك
بىلىنەتتى. شۇ ۋاقىتقا كەلگەندىلا ئۇ تەقدىرىنىڭ
يامان كۈنگە قېلىۋاتقانلىقىنى بىرىنچى قېتىم
ھېس قىلدى. «بالا كەلسە قوش كېتۇر» دىگەن-
دەك 1974 - يىلى كۈزدە ھېكىمنىڭ 14 ياشلىق
قىزى ھېمىدەم تۇيۇقسىز مېڭىسىگە قان چۈشۈپ
قازا قىلدى. بۇ ماتەم قايغۇسى ئۇنىڭغا ئىك-
كىنچى چوڭ زەربە بولدى.

— مەن ھېمىدەمنى چۈشتىن بۇرۇنلا تىل-
ما بېشىدىلا كۆرۈۋېدىمغۇ، - دەيتتى كىشىلەر
ساقلىقىنى تۇتۇشۇپ.

- تۇۋا دەڭلار، — دەيتتى يەنە بەزىلە-
رى، — جان ئاللانىڭ ئىلكىدە دىگەن شۇ،
ئاللا جاننى ئالىمەن دىسە ھايت - ھۇيت
دىگىچىلىك بىر ئىش.

مېيىپنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدىغان ۋاقىت-
تا بىر موللا ھېكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟ - دەپ جىددى بىر
سوئالنى ئاتتى، ھېكىمنىڭ يۈرىگى قاڭقىپ
دەمى سىقىلدى.

— ئەلھەمدۇلىللا، - دىدى ئۇ بېشىنى يەرگە
ئېگىپ.

— بىلمەمز، يېشىڭ 40 تىن ئېشىپ چاچ-
لىرىڭغا ئاق ئارىلاشتى، تېخىچە مېيىتنىڭ ئىشى-
گىنى بىلمەيسەن، يەر ئاستىغا كىرمەمسەن.
ئاخىرەتلىكىڭنى ئويلىمامسەن؟ بۇ ئالەمنىڭ
ۋەسۋەسىگە بېرىلىپ كەتمە، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ،
سەن تېخى قوش گۇمبەزنىڭ شېيخى، - دىدى
موللا ھېكىمنىڭ ئېسىدىن ئاللىقاچان كۆتىرىل-
گەن خاتىرىلەرنى ئەسلىتىپ، ھېكىم نىمە ئۈ-
چۈندۇ بۇ يەردە تىلى تۇتۇقلىقىنى ھېس قىل-
دى - دە، ئېغىز ئاچماي ئۆتكۈزىۋەتتى. بىراق
بۇ ئىش ئۇنى ئويلاندۇرماي قويمىدى. مەلۇمكى،
بەزى كىشىلەر تۇرمۇشتىن لەززەت كۆرمىگەندە
ياكى يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئالدىدا ئۆزلىرى-

نى قۇدرەتسىز ھېس قىلغاندا ئاللانى سېغىنىدۇ، ھەممىنى تەغدىردىن كۆرىدۇ، شۇ خىل كىشىلەرگە ئوخشاشلا ھېكىمنىڭ روھىدا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قېنى قاينايتتى... بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا سېلىم شېيخنىڭ سىماسى ھېكىمنىڭ روھىغا كىرىشكە باشلىدى. ئۇ ئاللا يەكتەكنى كىيىپ مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى تېپىۋېلىشى بىلەن ئۆزىنى خاتىرجەملىك، قانائەتچانلىق ھايات ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. كىشىلەرمۇ ھېكىمنىڭ بۇ ھالىغا ئەجەپلىنىپمۇ كەتمىدى. ئۆزىمۇ كۆڭلىدە «مانا ئەمدى مەنمۇ ئاللاغا يېقىن تۇرۇۋاتىمەن» دېگەن روھى ئىسكەنجىگە باغلىنىپ، تەغدىر ئۆزىگە كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك سېزىدىغان بولۇپ قالدى.

1979 - يىلدىن باشلاپ كىشىلەر ھېكىم ئاكىنىڭ قوشگۈمبەزنىڭ 14 - ئەۋلات شېيخلىقىنى ئەسلەشتى. ئۇلار ئۆيلىرىدە كۆپىيىۋاتقان ماللىرى، كالا - موزايلىرىنىڭ ئامانلىقىنى تىلىشىپ، قوش گۈمبەزنى تاۋاپ قىلىپ، شېيخنىڭ دۇئاسىنى ئالىدىغان بولۇۋالدى. ھېكىممۇ تەييارغا - ھەييار دېگەندەك، دۇئاسىنى ئاياپ تۇرمىدى. ئىش ئەپلىشىپ نەپ تەككەنچە نەپسى يوغىناپ، ئىز باسارى ھېلىمنى پەننى مەكتەپتىن توختىتىۋېلىپ زېمىندىن قارىدا ئوقۇتۇش توغرىسىدا ھەسەلخان بىلەن كۇسۇرلاشتى.

*

بۇغدايلىقنى بويلاپ كەتكەن يولدا مەكتەپتىن يازلىق تەتىلگە قويۇۋېتىلگەن ئوقۇغۇچىلار بۇغدايلارنىڭ سۆھبىتىگە جۆر بولغاندەك نېمىلەرنىدۇ تالىشاتتى، مۇنازىرىلىشەتتى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرى چاقناپ، شات - خۇراملىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ھېلىم ھەممىدىن بەك خوشال. ئۇنىڭ يوغان قوي كۆزلىرىدە، قۇياش نۇرى شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇراتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقلىرى بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ، بۈگۈن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە تەغدىرنامە ئالغان ئىدى. ھېلىمنىڭ بۇ شەرىپىدىن ئۇنىڭ دوستلىرى كېرەم، سادىقلارمۇ قەۋەتلا خوشال. ئۇلار ئەمدى يازلىق تەتىللىك تۇرمۇش، ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش پىلانلىرى، لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، ياخشى ئىش قىلىش ئۈستىدە پىكىرلىشىپ مەھەللىگە كېلىپ قالغانلىقىرىنىمۇ سېزىشمىدى.

ھازىر شېيخ نامى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىۋاتقان ھېكىم بەش پەرزەنتىنىڭ ئاتىسى بولسىمۇ، بۇ ئائىلىدە ھېلىملا ئوغۇل ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر غەلىبە خوشاللىقى بۇ ئائىلە ئەزالىرىنى ئەزەلدىن شاتلاندۇرۇپ كېلەتتى. شۇڭا ھېلىم يۈرەك قەپىزىگە پاتماي قالغان خوشاللىقىنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تېزرەك ئورتاقلاشماقچى بولۇپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تولۇق ئېچىپ، بوسۇغىدىلا ۋاقىرىدى:

— ئاتا، ئاپا! مەن تەغدىرنامە...

ئۇ ئۆيدىكى باشقىچە ھەم سىرلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ، شاتلىق ساداسى بوغۇزىدىلا قالدى. ئۆينىڭ تۆرىدىكى كۆرپىدە ئاق خەسە سەللىلىك، كۆزى تەڭنىدەك، قوش ئىڭەك، ساقىلىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن زېمىندىن موللا زىكرى قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ھېكىم شېيخ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ سەجدىگە چۈشكەندەك يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ھېلىمنىڭ ئاپىسى ھەسەلخان كاڭ تەرەپتە سول پۇتىنى ئاستىغا ئېلىپ، ئوڭ پۇتىنىڭ تىزىنى ئېڭىكىگە تىرەپ ئولتۇراتتى. بۇ ئۈچەيلەن ھېلىمنىلا كۈتۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى. ھېلىم بۇ يات مەنزىرىنى كۆرۈپ ئورنىدىلا تۇرۇپ قالدى.

— كەل بالام، — دېدى ھەسەنخان كاڭ-
دىن چۈشۈپ، ھېلىمنىڭ قولىدىكى تەھدىرنامە،
ئىسىۋالغان بوغچىلىرىنى ئېلىپ ئۆيۈققا ئېتىپ-
ۋەتتى. ئاندىن كىچىك بالىنى يېتىلىگەندەك
ھېلىمنىڭ قولىدىن تارتىپ، — موللامنىڭ ئۇدۇ-
لىدا، ئاتاڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىن، — دەپ
ھېلىمنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئەسلىدىكى
ئورنىغا كېلىپ موللىغا قاراپ سۆزىنى داۋام
قىلدى:

— موللام، ئۆزلىرىنىڭ خاسىيەتلىك مەكتەپ-
لىرىدە ئوقۇتماقچى بولغان ئوغلىمىز مانا
مۇشۇ. بۇرۇن دىنىي مەكتەپ بولمىغانلىقتىن
ئۇنى يېڭى مەكتەپكە بەرگەن ئىدۇق. مانا
ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەكتەپ ئاچقانلىرىنى
ئاڭلاپ، دىلىمىز سۆيۈنۈپ كەتتى. ئاتىسىمۇ
ئۆزلىرىنىڭ شەيمىخلىقىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولغان-
لىقىدىن بەك خوشال. . : .

— نېمە دەيسەن ئاپا؟ — ھېلىم چۆچۈپ
ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئاپىسىنىڭ سۆزى-
نىڭ يېرىمىغا تېگىپ، — مەن موللىدا ئوقۇماي-
مەن، ئۇ ئاپىسىغا تۇتۇق بەرمەي ئۆزىنى سىرتقا
ئاتتى.

— ھېلىم توختا! — ھەسەنخان ھېلىمنىڭ
ئارقىدىن قوغلاپ سىرتقا چىقتى.

— ئەيپكە بۇيرىمىسىلا موللام، — دېدى
ئورنىدا تەۋرىمەي ئولتۇرغان ھېكىم شېيىخ
ھېلىمنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى بىلىپ تۇرغان-
دەك خاتىرجەم سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ھېلىم
ئەكە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە. . . .

— ئەكە قىلىپ قويغانىمۇ ئۆزلىرى، —
ھەسەنخان سىرتتىن قايتىپ كىرىپ چېچىلغىنىچە
تۇردى، — بالىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشەلمىدۇق
دېمەكچىمۇسىلى؟ شۇمۇ گەپمىكەن، بالىنى مەن تۇغ-
دۇم، ئۆزىمىز يېمەكلىنى يېگۈزۈپ، كىيىمىنى
كىيدۈرۈپ باقتۇق. گېپىمىزگە كىرىشى كېرەك.
گەپكە كىرمىسە نوخولىسىنى ئېلىش كېرەك، — ئۇ قولىنى
شىلتىپ خۇددى تاۋۇز پىچىۋاتقاندەك ھەركەت
قىلدى.

— بارىكاللا! ئۆزلىرى جىنگەرلىرى بار
مەزلۇمكەنلا، — زەينىددىن موللا ھەسەنخاننىڭ
تەرىپىنى ئالدى، — يېڭى مەكتەپتىكى مەبۇد-
لار ھېلىمنى ئۆزلىرىگە مەھلىيا قىلىپ، ئاتا-
ئانىنىڭ بېشىغا تاش ئاتىدىغان قىلىۋەتتى. بۇ
دىلى بۇلغاندى دېگەن سۆز. ئاللا كېرەم بىر
ئاز ئۇچۇغدىماي ئىمانىنى يېگىلىغىلى بولمايدۇ،
ئاتا — ئانا، موللىسى ساۋىغان يەردىن تاكى
قىيامەتتە قىزىل گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ.

— لىللا گەپ قىلدىلا موللام، مۇشۇ تازا
پەيتى، كىچىكىدە قىلغان موھۇر باسقاندەك دەپ
بىكار ئېيتمىغان.

ھەسەنخان سۆزلەۋېتىپ ھېكىم شېيىخنى بىر
نېمە دېمەمسەن دېگەندەك قىلىپ كەينىدىن
نوقىدى.

— بالىنى ئۆتۈنىمىز موللام، ئۆزەم مەك-
تەپلىرىگە ئاپىرىپ قويىمەن، — دېدى ۋە ھېكىم
شېيىخ يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ھەسەل-
خان خوشاللىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بەش
ئاق نان ئېلىپ موللىنىڭ ئالدىغا قويدى.
ھېكىم شېيىخ 2 يۈەن پۇلنى چىقاردى. پۇل ئۇ-
زاقتىچە يانچۇقتا تۇرغان بولسا كېرەك، پۈك-
لەشكەن يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ناننىڭ ئۈس-
تىگە قويدى. موللا دۇئا يانغۇرۇپ ئۆيدىن چى-
قىپ كەتتى.

ھېلىم دۆڭ مەلىدە زەينىددىن موللىنىڭ
دىنىي مەكتەپ ئاچقانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ،
ئۆزىنىڭ بۇ مەكتەپكە بېرىشقا مەجبۇر قىلىنى-
دىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇ-
چۇن تۈگمەن تېشى ئاستىدا يەنچىلىشتىنمۇ
قاتتىق ئازاپ ئىدى. چۈنكى ھېلىم يېڭى جە-
مىيەتتە تۇغۇلدى. ھىچقانداق خورلۇق كۆر-

مەي، غەمسىزچولۇق بولدى. ئۇ بالىلىقىدىن شوخ هەم زېرەك ئىدى. تەبىئەتنىڭ قىسمەتكە تولغان سېھرلىك گۈزەل هۆسنى ئۇنى جەلپ قىلاتتى، روهىنى كۆتىرىپ هەۋەسلەندۈرەتتى. ئۇ هۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرگەندە قانچىلىك راهەتلەنسە كېچىدىكى يۇلتۇزلارنى كۆرگەندىمۇ ئۇ شۇنچىلىك هاياجانلىناتتى. جەمىيەتمۇ هېلىمغا كۈلۈپ قارايتتى. هايات خۇددى قايناۋاتقان بۇلاقتەك ئادەملەر خوشخوي، تىتىك ۋە خوشال - خورام يۈرۈشىدۇ، چىمەنلىك ئېتىزلار، خوشپۇراقلىق باغلاردا ئىشلىشىدۇ، ماشىنا-تىراكتۇر هەيدىشىدۇ، بەزىدە ئاسمان پەلەكتىن ئايرۇپىلاننىڭمۇ ئاۋازى كېلىدۇ. رادىيودىن شادىيانە ناخشىلارنى ئاڭلايدۇ، كىنولارنى كۆرىدۇ. هېلىم كىنو كۆرگەندە ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنىڭ پەرقىنى بىلىۋالغان. ئۇ ياخشى ئادەملەر، قەهرىمانلارنىڭ ئۈلگىسى بىلەن يۈمران قەلبىنى ئۇزۇقلاندۇرۇپ، بۇ ئالەمنىڭ نېمەتلىرىگە هەۋەسلىنىپ يۈرۈپلا پەننى مەكتەپكە كىردى. ئۇ دەسلەپتىلا ئوقۇتقۇچى زۇنۇننىڭ قولىدا تەربىيە ئالدى. ئوقۇتقۇچى ئۆز ئوقۇغۇچىسىنى ئائىلە ئاسارىتىدىن، خۇراپىنادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۆز تەرەپىگە پارلاق هاياتقا، يىراق كەلگۈسىگە جەلپ قىلىشقا تىرىشىدۇ، زۇنۇننىڭ ئەمگىكى بىكار كەتمىدى. مەكتەپ هاياتى، پەننى بىلىم هېلىمنىڭ كۆزىنى ئاچتى، ئۇ بىلىم كۆلىشىدە ئۆزۋۇجۇدىدىكى ئائىلىۋى هاياتنىڭ كىرلىرىنى تازىلاشقا كىرىشتى. ئۇ، هېكمەتنى خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن تىلىمەي، ئىنساننىڭ ئەقلىنىڭ جەۋهەرلىرىدىن ئىزلىشنى، تەبىئەت سىرلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن بىلىم تۇلپارىنى قامچىلاپ ئالغا ئىنتىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ باراتتى. ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنىلا ئويلايتتى. موللىدا ئوقۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئەپسانىۋى نادانلىقنىڭ بەلگىسىلا خالاس. شۇڭا ئاتا - ئانىنىڭ كېپىنى يىرىۋېتىشقا مەجبۇر بولۇپ، هېلىم بىرەر هەپتىگىچە ئۇ يەر بۇ يەردە يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆيىگە بارماي مۇمكىن بولمىدى. هېكىم شېيخ ئۇنى يېتىلەپ زەيىنىدىن موللىغا ئېلىپ كەلگەندە دوستلىرى كېرەم، سادىقلارمۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، موللىدىن ساۋاق ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

هېلىم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئازارىدىن قېچىپ 5 - 4 كۈنگىچە دىنىي مەكتەپتە جىم يۈردى. موللا هەپتىيەكتىن ئاز - تولا بىر نىمىلەرنى يادلىتىپ قويۇپلا هەر كۈنى بىر قېلىپتا نارىسىدە بالىلارنى ئاخىرەتلىكى بىلەن قورقۇتۇپ، سەدىقە - ساخاۋەتلىكنى تەرغىپ قىلاتتى. هەتتا ئۇ يېڭى هاياتقا تىل تەككۈزۈپ، زاماننى دەپسەندە قىلاتتى، موللىنىڭ بۇ قىلىقلىرى هېلىم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايتتى. شۇڭا ئۇلار هەر باپ بىلەن موللىدىن بۇرۇنلا قېچىپ چىقاتتى - دە، يول ياقىسىدىكى جىگدىزارلىقلاردا كۈننى كەچ قىلاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار بىر ماشىنىنىڭ يولدا پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، شوپۇرنىڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى - دە، ياردەملىشىشكە باردى. ئۇلار قوللىرى بىلەن ماشىنا چاقى ئەتراپىدىكى پاتقاقنى تازىلاپ، ئۈچۈملاپ توپا - شېغىل يۆتكەپ يېرىم سائەتكە قالمايلا ماشىنىنى چىقىرىۋالدى. شوپۇر خوشاللىقىدا:

— مەن نېمە بىلەن سىلەرنى رازى قىلسام بولار، كەمپىت تۇشۇغان بولسام بىر ساندۇغىنىلا سىلەرگە تۆكۈپ بېرەتتىم، - ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى، - ئەپسۇس، مېنىڭ توشۇۋاتقىنىم شور، - شوپۇر هېچبولمىغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى مەكتىۋىگە دەپ قويۇشنى ئەسلەپ، - سىلەر قايسى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى؟ — دەپ سورىدى. - بىز هازىر موللىدا ئوقۇۋاتىمىز،

— ھېلىم، ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئاچچىق ئەلەم ئەكس ئەتتى. شوپۇر ھېلىم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئىتتىك قارىدى.

— ھەي بىچارىلەر، بۇ زاماندىمۇ موللىدا ئوقۇمدىغان،ئەتىلدە ئىش تاپالمىغانلار جاڭگالغا چۈشۈپ شور قېزىڭلار، بۇ ئۇنىڭدىن ياخشىدۇ، پۇلمۇ تاپىسىلەر، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشقانمۇ بولىسىلەر.

شۇپۇر بۇ سۆزنى پەقەت موللىنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىنلا ئېيتقان ئىدى. ھېلىملارنىڭ ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىۋېلىشىنى نەدىنمۇ ئويلىسۇن. ئاخىرى شوپۇرمۇ ھىمداشلىق بىلەن:

— ئاتا - ئاناڭلار ئۇنىمىمۇ ئەتە ئەتىگەن مېنى شۇ يەردە كۈتۈڭلار. يېپىنچا ئېلىۋېلىڭلار، شورلۇقتا سايىمان بار، - دېدى، - دە، ماشىنىنى ھايداپ يۈرۈپ كەتتى.

ھېلىم، سادىق ۋە كېرەملەر موللىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىغا خوش بولۇشۇپ ئۆيلىرىگە جۈنىدى.

ئىككى ھەپتە، ئۈچ ھەپتە، ھەتتا بىر ئايمۇ بولاي دەپ قالدى. ھېلىمۇ «موللىدا ياتا قىلىشىپ ئوقۇيدىغان بولدۇق» - دەپ يوتقان-كۆرپىسىنى كۆتىرىشىپ ئۆيلىرىدىن چىققاندىن بۇيان، خۇددى موللىغا «بالا» بولۇپ كەتكەندەك يوقاپ كېتىشتى. ئاتا - ئانىلار دەسلەپتە بالىلىرىدىن خۇرسەنت بولۇشۇپ خاتىرجەم يۈرۈشتى، كۈنلەر ئۆزارغانسېرى ئىسەنكىرەپ قېلىشتى-دە، موللىغا ئىزلەپ كېلىشتى، موللا ئۇلارنى كۆرۈپ ئەجەپلەندى، ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن قوپاللىق بىلەن:

— بالاڭلار بۇ يەرگە كەلمىدى، تەرىتى چىڭ بالىلار ئوقۇۋاتىدۇ، — دېدى تەرسالىق بىلەن ئۆڭۈپ.

بالىلىرىنىڭ ئىزدىرىگىنى ئالالمىغان ئاتا-ئانىلار گويا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ساراڭلىق يېپىشقاندەك مەلىمۇ-مەلە سۈرۈشتە قىلىپ ئاخىرى ساقچى ھەتتا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇشقىقىدا قەلبى پاك، سەبى بالىلارنىڭ روھىدا نادانلىق ھەيكىلى تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان خۇسۇسى موللىخانا جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىگە چۈشتى......

شۇنىڭدىن كېيىنلا ھېلىملا جاڭگالدىكى شور قېزىش ئەمگىكىدىن قايتىپ كەلدى.

شور قېزىش-ئىنتايىن جاپالىق، كىشىنى ئۇپۇرتىدىغان ئىش ئىدى. ھېلىملار بەرداشلىق بەردى-يۇ، لېكىن كالپۇكلىرى يېرىلدى، قوللىرى قاپاردى. ھەتتا نەچچە چىڭ گۆشمۇ ئاشۇ شورلۇقتا قەپ قالدى. شۇ تاپتا ھېلىم جۇدىگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماغدۇرىدىن كېتىپ قالغان ئىدى. باغرى كاۋاپ بولۇپ، ئوغلىنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئاتا - ئانا ھېلىمنىڭ بىتاپ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى سىرىلىپ كەتتى. ھېلىمنىڭ چىرايلىرى سۇلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىدىن قەيسەر ۋە زېرەكلىگى ئۆچمىگەن ئىدى. ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆز ئىشىغا رازىمەنلىگى ۋە ئاتا-ئانىسىغا ھۆرمەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيگە سالام بىلەن كىرىپ ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىدىن ئەپۇ سورىدى ھەمدە تۇنجى قېتىم ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەن 49 يۈەن پۇلنى ئاتىسىغا تاپشۇردى.

شۇ ۋاقىتتا ھېلىم شېيىخ ئوغلىنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىۋالسىمۇ كۆڭلى غەشلىكتە كۆيەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىر خىل قورقۇنچلۇق ئەسلىمىلەر چاقناپ كەتتى. ئۇ پىكىرىنى يىغىنچاقلىماقچى بولغاندەك قولىنى ئالدىراپ مېڭىسىگە سۇندى. شۇ تاپتا ئۇ تىل ۋە روھى جەھەتتە ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا تېرەن بىر خەندەك ئايرىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قى-

لاتتى-يۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.
... ئالىقاياقتىندۇ بىلىندۈرمەي تارتىلغان
كۇگۇم پەردىسى ئۆينىڭ ئىچىنى خىرە-
لەشتۈرۈۋەتتى. ھېلىمغا ھاردۇق يەتكەن ئىدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يېنىدا يېتىپ ئويغا پاتقان
ئاتىسىنى قالدۇرۇپ ئۇيقىغا كەتتى. ھەسەلخان
مىزىلىك شورپا تەييارلاپ ھېلىمغا ئىچكۈزمەك-
چى بولۇپ ئۆيگە كىرگەن ئىدى. ھېكىم شېيخ
ئوغلىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزغىسى كەلمىدى.
«-مۇئەللىم، مەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلى-
يەلمىدىم... مېنىڭ بوخچام...» ھېلىم جۆيلۈ-
ۋاتاتتى.
-ئەپپەي، بۇ بالىغا نىمە بولغاندۇ، جاڭگالدا
جىن چاپلىشىپتىمۇ نىمە، ھەي، ھېلىمجان بالام،-
دەپ چاقىرىشقا ھېكىم شېيخ ھەسەلخانىنى جىم
تۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. بىر ئاش پىشىم ۋاق-
تىن كېيىن ھېلىم يەنە جۆيلىدى. «مۇئەللىم...
مەن موللىغا... بارمايمەن... ئاتام... مېنى...
چۈشەنمەيدىكەن... مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا...»
ھېلىم ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغۇ-
نۇپ كەتتى. يېڭى چىققان ھىلال ئاينىڭ شو-
لىسى پەنجىرىدىن يان تامغا تۆكۈلۈپ بۇلاق
سۈيىدەك ئويناپ تۇراتتى. ھېلىم كۆزىنى ئاي
شولىسىغا تىكىپ بىر تۇرۇۋېتىپ يان تەرەپكە
ئۆرۈلدى. ھېكىم شېيخ تامدەك تاتىرىپ كېتىپ
باراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يالقۇنجىغان ئوت
يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ، كىرپىكىدەك قورۇلۇپ كەتتى.
-تووۋا خۇدايىم!-ئۇ ئوغلىنىڭ جۆيلۈپ تۇ-
رۇپ «مۇئەللىم» دەپ چاقىرىۋاتقانلىقىنى
ئاڭلاپ ئەنجەيلىنىپ ياقىسىنى تۇتتى،-ئۇنىڭ
ئېس-يادى مۇئەللىمدە ئىكەن. مۇئەللىمنى چۈ-
شىدىمۇ باش-پاناھى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىۋاتى-
دۇ. مېنىچۇ؟ مەن ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغانمۇ؟
ئۇنىڭ ئوتى مېنىڭ قەلبىمنى ئورىۋالغان بول-
سىمۇ كاشكى مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىلمەيدى-
غان يات ئادەم بولۇپ قاپتىمەن...
ھېلىم شېيخ ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى
ئەسلىدى. ئۇ، ئازاتلىق تېڭى ئاتقان كۈنلەردە
بازار ياقىسىدىكى بىر مەدرىسىدە تالىپ ئىدى.
مەدرىسە ھۇجرىسىنىڭ پەنجىرىدىن چوڭ يول-
دىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بو-
لاتتى، ئۇ مۇشۇ پەنجىرە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى،
ئۇنىڭ كەينىدىنلا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ-
مۇ زۇلمەتلىك دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاپ، يو-
رۇق تاڭنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ
قەلبى خۇددى ئەمدى ئۇچۇرما بولغان
قۇشتەك مەدرىسىنىڭ كىچىك ھۇجرىلىرى-
دا بىر ۋاقىت تەمتىرەپ ئۇچۇپ يۈردى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تېنىگە قۇياش نۇر
چاچتى-دە، بۇ يەردىن بىزار بولدى. ئۇ كەڭ
ھەم ئازات زامانغا تەشنا ئىدى. ئازاتلىق
تېڭى ئۇنى مەدرىسىدىن چىقىپ يايراپ كۈ-
لۈشكە تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا چاقىراتتى،
ياش ھېكىم يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئەپسۇسكى
ئۇنىڭ نادان، خۇراپى ئاتىسى ئازاتلىق تې-
ڭىنى سەزمىگەندەك مەدرىسىگە
ھەيدىدى. ئۇ ئاتىسى بىلەن دەلىمۇ-
دەل زۆكۈنلىشىپ «ئەسىرلەردىن بۇيان ئازات-
لىققا تەشنا بولدۇق، كومپارتىيە بىزنى مۇشۇ
كۈنگە يېتىشتۈرگەندە نىمە ئۈچۈن سەن مېنى
ئازاتلىقنىڭ مېغىزىنى چاق، ئىشلە دېمەيسەن؟
مەن ئەمدى مەدرىسىگە بارمايمەن، خەلق ئەس-
كىرى بولۇپ ئازاتلىق دۈشمەنلىرى بىلەن ئې-
لىشىمەن»-دەپلا باندىتلارنى تازىلاش كۈرە-
شىگە ئاتلانغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەل-
گەندە ھېكىم شېيخ ئۆزىمۇ رەھمەتلىك ئاتىسىغا
ئوخشاش بالىسى خالىمايدىغان ئىشنى تاڭدى.
بۇ نىمە ئۈچۈن؟ ئاھ. مەن قانداق بولۇپ
قالدىم،- دەپ ئويلايتتى ھېكىم شېيخ خىياللىرىنى

بىر يەرگە يىغىشقا تىرىشىپ،- مەن سېلىم شېيىخنىڭ «ھېكىمىمۇ چوڭ بولىدۇ، يېشى توختىغاندا ئاخىرەتلىكىنى ئويلىماي قالمايدۇ...» - دىگىنىدەك، ئاتاڭنىڭ تەغدىرىنىڭ مەڭگۈلۈك تەرتىۋىگە باغلانغان ئىكەنمەن، مەن بۇ خۇراپىي-نادانلىق پالاكىتىنىڭ «ئىنقىلاپ» بوران - چاپقۇنىغا قوش - كېزەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى سەزمەپتىمەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاخىرىغا كۆز يەتكۈزگىلى بولمايدىغان ئۈممەتمىزلىك، مىسكىنلىك، چۈشكۈنلىك قانلىرى مېنىڭ تومۇرلىرىمدىمۇ بۇرقۇپ ئېقىپتۇ-دە. ئۆزۈممۇ سەزمەيلا قوش گۈمبەز شېيىخى بولۇپ قالدىم. مەن پىشانەمگە مۇنداق تامغىنىڭ بېسىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي، ئەمدى بۇ ئىسكەنجىنى بالامغا تېڭىۋېتىپتىمەن تېخى! قوش گۈمبەزنىڭ شېيىخلىقى مېنىڭ كۆز پەردەمنى خۇنۇكلەشتۈرۈپتۇ، مەن نادانلىقنى، تائەت - ئىبادەتنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قاپتىمەن... ھېلىم مېنىڭ تېنىمنىڭ بىر پارچىسى بولغان بىلەن مەن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەپتىمەن، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك مۇئەللىمى بىلەن خەندەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرسا، مەن قوش گۈمبەز ئەرۋاھى بىلەن خەندەكنىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرۇپتىمەن. گۈزەل ھاياتقا بولغان زوقمەنلىكىمنى يوقىتىپ، قانداقتۇ ئاخىرەتلىكنى ئويلاپتىمەن، ئەپسانى خىيال، روھىي ئىسكەنجە دىگەن شۇدە!....»

ھېكىم شېيىخ ئويلىغانسېرى كۆڭلى روشەنلىشىپ قەلبىدە نۇرلۇق چىراق ياندى. ئۇ پۈتۈن مېھرى بىلەن ھېلىمغا تەلپۈنۈپ قارىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم يۈگۈردى. ۋە شۇ تەبەسسۇمدا شىرىن ئەسلىمە، ئويغىنىش، ئاچچىق پۇشمان، خىجىللىق ئەكس ئەتتى. ئۇ بىردىنلا قايتىدىن تۇغۇلغانغا ئوخشاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىلگىرى كۆرۈنمىگەن نۇرلار پەيدا بولدى. ھېلىم ئاتىسىنى مۇنداق ھالەتتە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

—مۇئەللىم!—ھېكىم شېيىخ ئىختىراس بىلەن شىۋىرلاپ، ھېلىم جۈيلۈپ تۇرۇپمۇ تىلغا ئالغان كىشىنى ئاتىدى. مۇشۇنىڭ ئۆزى ھېلىمغا يېتەرلىك ئىلھام، تەسەللى ۋە مەدەت ئىدى.

—ئاتا، ئۇزلەمۇ مېنىڭ مۇئەللىمىمنى ياقتۇرامالا دەپ سورىدى. ھېلىم ئىتتىك ئاتىسىغا بۇرۇلۇپ.

—ياقتۇرىمەن بالام،—دىدى شېيىخ ھاياجان بىلەن،— مۇئەللىم سېنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن جاھان دىلىڭنى بىلىم بىلەن يورۇتۇپ ھاياتلىقنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ، مەن بۇنى ياشلىقىمدا ئازتولا چۈشەنگەن ئىدىم. مېڭەم داتلىشىپ قاپتۇ. ئۇنتۇپتىمەن، ئەمدى ھوشۇمغا كەلگەندەك بولدۇم. مەن كېلەچىكىڭنىڭ چەكسىز پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئىشەندىم،—ئۇنىڭ چىرايىدا ئىلگىرى يوقىتىپ قويغان قىممەت باھالىق نەرسىنى تېپىۋالغاندەك شاتلىق جىلۋىلەندى.

—ئاتا،—دىدى ھېلىم زوقمەنلىك بىلەن ئاتىسىنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەنلىكىگە رازى بولۇپ، ئۇ ئاتىسىغا ئەگىلەپ قۇچاغلىماقچى ئىدى، ھېكىم شېيىخ ئۇنى ئورنىدىن مىدىراتماي پىشانىسىغا سۆيۈپ قويدى.

×

دوستۇم زۇنۇن ھىكايىسىنى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قوش گۈمبەز خارابىسىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

—قوش گۈمبەزدىن ئىبارەت بۇ خارابىدا بوران يالاپ پەقەت ئىزى قالغان بىلەن ئۇنىڭ روھى كىشىلەر قېنىدا مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا قولىدىن كېلىدىغان ئىمكانىيەتلەر تۇرۇغلۇق خۇراپاتلىق - نادانلىق يول بەرمىگەنلىكتىن ئىلىمنىڭ ئاپتىۋى يۇرتىمىزنى راسا نۇرلاندۇرالماي كېلىۋاتاتتى، ئادىدىسى بىز ئەشۇ ئۆستەڭ سۇيىغا ئېلىپ كېتەر ئىستانسىسى قۇرالماي

(ئاخىرى 63 - بەتتە)

# شۋىرغاندا

(ھىكايە)

يولۋاس راشىدىن

قىشنىڭ كۈنى شۇنچىلا قىسقا بولىدىكەن. ئامىنە ئاپپاي مەكتەپتىن كېلىپ، ئاشنى «چاقماق تېزلىكىدە» ئەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا كەچ قالدى، سۈيۈقاشنى ئۇسۇپ ئىككى قىزىنىڭ ئالدىغا قويغاندا، ئاللىقاچان كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ئۇ غىزاسىنى قايتىپ كېلىپ ئىچمەكچى بولۇپ، ئاشنى قازاندىن كاستىرۇلكىغا قۇيدى-دە، ئۇنى ئىسسىق تۇرسۇن دەپ، بالا مەشنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئاندىن قوزۇقتىن ئەترەك تىۋىت ياغلىقىنى ئېلىپ، ئاغزى-بۇرنىنى قوشۇپ يۆگىۋېتىپ، چوڭ قىزى پەرىدەمگە:

— روشەنگۈلگە ئوبدان قارا-ھە، بىرنى مەشكە يېقىۋالمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

— سەن نەگە بارىسەن، ئاپا؟ — دەپ سورىدى پەرىدەم.

— سەن. نەگە. بايىشەن. ئاپا؟ — ھەر بىر سۆزدىن كېيىن بىر تىنىپ، ئاچىسىنى دورىدى روشەنگۈل، ئاندىن سۈيىمۇ، چۆپىمۇ تۆكۈلۈپ بولغان قوشۇقىنى ئاغزىغا تىقتى.

— گەپ قىلماق شۇنچە تەسمىدۇ، قىزىم... مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى ئامىنە ئېرىنىڭ پالتوپىكىسىنى كېيىپ، قايرىمىسىنى كۆتىرىپ تۇرۇپ.

ئاتىسىنىڭ چاپىنىنى كۆرۈپ يادىغا كەلدىمىكىن، پەرىدەم:

— ئاتام قاچان كېلىدۇ، ئاپا؟ ئاتامنى كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، — دېدى ئاغزىنى قەستەن دومسايتىپ.

— ئاتامنى... ئاتامنى... — دەپ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى روشەنگۈل.

— كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، دەڭ! — دەپ ئۈگەتتى ئاچىسى.

— كۆرگۈم كېيىپ. كەتتى! — روشەنگۈل ئۆزىنىڭ قانداقراق دورىيالىغانلىقىنى ئاچىسىنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەردىن بىلىۋالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىدى-دە، تىلىنى چىقاردى.

— ئۈچ-تۆت كۈنلەردىن كېيىن كېلىدۇ... ئۈكاڭنى تولا گەپكە تۇتما، پەرىدەم، ئېشى مۇزلاپ كېتىدۇ، — دېدى ئامىنەم قولىغا پەلەي كىيىۋېتىپ.

پەرىدەم بىر قوشۇق ئاشنى سۈمۈردى-دە، سىڭلىسىغا:

— ئېشىڭىزنى ئىچىڭ، ئۇكام، مۇزلاپ كېتىدۇ، — دېدى.

لېكىن، ئاپىسىنىڭ گېپى بىلەن تەڭلا قوشۇقىنى قاچىسىغا سالغان روشەنگۈل بىرەر تال چۆپ ئىلەشتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەپىلىشىۋاتاتتى.

ئامىنە بېرىپ ئىشىكنى ئېچىشىغا، شىۋىرغان قار توزاڭلىرىنى ئۇ يۇلغۇتۇپ ئەپكىلىپ، يۈزىگە ئۇردى، ئۇ ئەندىلا يېرىم ئاچقان ئىشىكنى دەرھال يېپىۋالدى. ئاشخانىچە ئۆي ئىچى قويۇق ئاپپاق ھور بىلەن تولغان ئىدى.

روشەنگۈل قورقۇپ كېتىپ، «ئاپا!» دەپ يىغلىۋەتتى.

— قورقماڭ، ئۇكام، مېنىڭ ئۇكام راس باتۇر، يىغلىمايدۇ، — دەپ بەزلىدى پەرىدەم ئۇكىسىنى.

ئامىنە سەل ئىككىلەندى - يۇ، شۇ ھامان قەتئىي قارارغا كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى - دە، كوچىغا چىقىپ كەتتى. مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسى سوغاقتىن ئېرىنىش ۋە يالىغا تارتىشىشلارنى بىر ياققا سۈرۈپ قويغان ئىدى.

ئۈتەك باسقان بۇ شەھەردە ئاچچىق شىۋىرغان تەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى، شامال قومدەك يېغىۋاتقان قاردا ئىچىلەرنى كىيىمنىڭ ياقىسىدىن ئىچىگە ئۇرۇپ كىرگۈزۈپ، كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى. بىرلا كۆچەپ ئۆگزىلەرگە بېكىتىۋالغان قارلارنى توزۇتۇپ كوچىغا سۈرۈپ چۈشۈرۈپ، غىلىتاك بولۇپ كەتكەن ئاسفالىت يوللاردا ئالدىغا سىلىپ بىردەم يۈگۈرتكەندىن كېيىن، قايسىدۇر بىر ھويلىنىڭ ئوچۇق ئىشىگىدىن ئىتتىرىپ كىرگۈزىۋېتەتتى. زەھەردەك سوغاقنىڭ دەستىدىن نالىغاندەك، ئېلېكتىر سىملىرى چىرقىراپ، يالىڭاچلانغان دەرەخ پۇتاقلىرى ھۇۋلايتتى، شىۋىرغان ھەممىنى ئۆز ئۆگىلىرىغا ھەيدىۋەتكەندەك، كوچىدا ئۆتەكىچە ئادەملەرمۇ يوق دېگىدەكلا ئىدى، ئاگاندا بىر بۆرۈتلىرىغا ئۇرۇقچىدەك مۇزلار ئېسىلىپ قالغان ئەرلەر ۋە تېيىلغاق يولدا موللاق ئاتماسلىق ئۈچۈن ئاۋايلاپ ئۇششاق چامداپ كېتىۋاتقان ئاياللار ئۇچرايتتى، ھەممىسى قوللىرىنى جەينىكىگىچە قوۋۇشتۇرغان، دۈگدەيگەن، شۈمشەيگەن، ئۈستىۋېشىغا قار يېپىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خۇددى يېڭىلا جان كىرىپ، مېڭىشنى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقان قار ئادەملەرگە ئوخشاپ قالغان ئىدى.

ئامىنە يۈز قەدەمچە ماڭا - ماڭمايلا مۇزلىغىلى تۇردى، شۇنچە قېلىن كىيىم كۆينەكچە ئۆرۈنمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوۋۇشتۇرىۋالغان قوللىرىنى ھېلىدىن - ھېلىغا چىقىرىشقا توغرا كېلىۋاتاتتى، چۈنكى، ئۇ شامالغا قارشى كېتىۋاتقاچقا، قار كىرىپ كۆزىنى دەممۇ - دەم چىمچىقلىتىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئۇ كۆزىنى ھەر بىر چىمچىقلاتقاندا، ئاغزىدىن چىققان ھور كىرپىكلىرىدە توڭلاپ، ئۇۋۇلىغىچە ئاجرىمايتتى. قولىنى چىقىرىشقا يېڭىدىن بىر پاتمان سوغاق شامال كىرىپ، پۈتۈن بەدىنىنى شۈركەندۈرەتتى.

ئامىنە ياندىن قوشۇلغان بىر كوچىدىن كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، يېقىنلا يەردىن: «ۋاي!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ يىقىلغان ئايالغا قاراي دەپ بېشىنى بۇرۇشىغا ئۆزىنىڭمۇ قانداق يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. نېرىدىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىل تورمۇز قىلدى، چاقلىرى مۇزدا تېيىلىپ كېلىپ، 2 مېتىرچە يەردە توختىدى. ئامىنە جىنىكىدەپ تۇرماقچى بولىۋىدى، بوتىيى تېيىلىپ زادىلا ئۆرە بولالمىدى. ئۇ پىيما كىيىۋالمىغانلىقىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلغان ھالدا قوۋۇشتۇرۇلغان قوللىرىنى چىقىرىپ يەرگە تايىنىپ قوپۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن باياتىن قىمداپ تۇتۇلغان چاپىنىنىڭ پەشلىرى ئېچىلىپ، تېنىمۇ توڭلاپ كەتتى. شوپۇر كەپىنىگىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ھەي، سىڭىل، بۇنداق قاتتىق سوغاقتا ئىسسىققىنا ئۆيىڭىزدە ئولتۇرسىڭىز بولماسمىدى؟- دېدى كىيىملىرىدىكى قارلارنى قاققاچ يولنىڭ چېتىگە كېتىۋاتقان ئامىنەگە.

— رەخمەت، ياخشى نىيىتىڭىزگە: - دېدى ئامىنە قايرىلىپ.

— شوپۇر چولپاندەك كۆزلەرنى، بوستان كىرپىكلەرنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى - دە، كەپىنىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ خوتنى يۆتكىگىچە بېشىنى چايقىدى:

— خوتۇن شەپ قانچە چىرايلىق بولسا، شەيتىنى شۇنچە كۆچلۈك بولىدۇ - دە! - دېدى ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇڭشۇپ.

ئامىنە 2 چاقىرىمغا يەتمەيدىغان يەردىكى

ئەكبەرلەرنىڭكىگە يېتىپ كەلگەندە، سۆڭەك سۆڭىكى مۇنەرەپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ئۆيگە كىرىشىگە مىردىنلا ھەممىدە بولۇپ قالدى. ئۇي ئىچى ئىمتاس بولۇپ، شال سۈپىنىڭ بىر تەرىپىدە تويتەك تۈگۈلۈپ ئەكبەر ياتاتتى، ئامىنە پەلىمىنى يەشتى - دە، ئىشتىك بېرىپ ئەكبەرنىڭ پېشانىسىغا قولىنى قويدى:

— ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟

ئەكبەر مىتمۇ قىلىپ قويماستىن، سوغاقلا جاۋاپ بەردى:

— يۆتۈم.

ئامىنە يوتقاننىڭ ئايىغىنى كۆتەردى - دە، چۆچۈپ كېتىپ:

— ۋېي، ئوڭ پۇتىڭىزنىڭ ئۇشۇقى توپ - توز ئىششىپ كېتىپتۇ - غۇ، نىمە بولدى؟ - دەپ سورىدى.

— ئەتىگەندە مەكتەپكە باراي دەپ ئىشىككە چىقىشىمغا مۇدۇرۇلۇپ كەتتىم...

ئامىنە خاتا ئويلىغانلىغىنى شۇندىلا سەزدى. بىر نەچچە يىلدىن بېرى ياخشى ئوقۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئوقۇغۇچى يېقىنقى 1 - 2 ئايدىن بېرى كېچىكىپ كېلىدىغان، بالدۇر قايتىدىغان بولۇپ قالغانلىغى، ئۈگىنىشتىمۇ كۆرۈنەرلىك چېكىنگەنلىگى ئۈچۈن، ئامىنە ئۇنى تونۇغۇن دەرستىن كېيىن ئەيىپلىمەپ، بىر ئاز «تەككەن»، بۇگۈن شۇنىڭغا قېيداپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى.

بالىنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئامىنە ئويىنىڭمۇ سوۋۇپ كەتكەنلىگىنى ئەندىلا سەزدى، پېلىتىدىكى ئوت ئاللىقاچان ئۆچكەن ئىدى.

— ئاپىڭىز كەچكى سېمىنغا كەتتىمۇ؟ قاچان كېلىدۇ؟ - دەپ سورىدى ئۇ.

— سائەت سەككىزىيېرىمدا.

ئامىنە يېڭىنى قايرىپ قاراپ، سائەتتىن 6:14 رەقىمىنى كۆردى، ئوتتۇرىدىكى ئاككى چېكىت رېتىملىك لىپىلداپ تۇراتتى. دېمەك ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بار ئىدى.

— تاماقمۇ يېمىگەنسىز تايىن؟

— ئاپام كېلىپ ئېتىپ بېرىدۇ...

ئامىنە تەييار تۇترۇقنى ئوچاققا تىزدى - دە كۆمۈر سېلىپ ئوت ياقتى، ئوت تۇتاشقىچە كۆكتات ئادالاپ، قازاننى ئاستى. ئەكبەر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نىمە قىلماقچى بولغانلىغىنى شۇندىلا چۈشىنىپ:

— مۇئەللىم، سىز جۇۋۇماڭ، ئاپام ھازىرلا كېلىدۇ، قورسىغىممۇ ... ئاچمىدى! — دېدى.

ئامىنە كۆكتاتنى بىر ياندىن توغراپ، بىر ياندىن قازانغا سېلىپ قورىغاچ:

— نىمە دېگىنىڭىز بۇ، ئەكبەرجان، تاماقنى ئاپام ئېتىپ بېرىدۇ، دەيسىزغۇ؟ مەن ھەممىشە «سىنىپىمىزدىكى بىر كام ئەلىلىك بالىنىڭ ھەممىسى ئۆز بالامدەك، ئۇلارمۇ مېنى ئۆز ئانامدەك كۆرىدۇ»-دەپ خوش بولاتتىم. بۈگۈن كېيىنگىزگە قارىسام ... ئۇلار مېنى ئانچىلا يېقىن كۆرمەيدىكەن! — دېدى.

باشتا ئوقۇتقۇچى مېنى سوتلىغىلى كەلدى دەپ ئويلىغان ئەكبەر ئامىنەنىڭ كېيىنى شۇ يەرگە كەلگەندە تاقىتى تۈگەپ:

— مۇئەللىم، ئانداق ئەمەس ... سىز بەك ياخشى ...، راستىنلا ياخشى! ... — دېدى - دە، جىم بولدى.

ئامىنە ئەكبەرنىڭ بايىقى سوغاق مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭ مېنى ئەيىپلىگىلى كەلدى، دەپ گۇمان قىلغانلىغىنى بىلگەن ئىدى، ھازىر بولسا بۇ تونۇشىدا ئۆزگىرىش بولىۋاتقانلىغىنى بەملىدى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆپرەك ئويلىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىش ئۈچۈن ئۈندىمىدى. ئەكبەرنىڭ كىچىككىنە كاللىسىدىمۇ ئوقۇتقۇچى ھەر قاچان - ھەر زامان

ئوقۇغۇچىلارنى ئەيىپلەشكە خۇشتار ئەمەسلىكى ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەركىتىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېپىنگە چۈشكەنلىك دەپ گۇمان قىلىشى تولىمۇ ئادالەتلىك بولمايدىغانلىقى بارا - بارا روشەنلىشىپ بېردۋاتاتتى.

ئامىنە قورۇلۇپ بولغان كۆككە ئازراق سۇ قويۇپ، تۇۋاقنى ياپتى - دە، بىرىپ خالتىدىن تەلەڭگىگە ئۈچ سىقىم گۈرۈچ ئالدى، شۇ چاغدا بىر ئاز ئويلىنىپ قىلىپ:

— ئاتىڭىز ۋەزىپىگە كەتتىمۇ؟ دەپ سورىدى.

— تۈنۈگۈن يۈك تارتىپ چىقىپ كەتكەن، ئۈچ - تۆت كۈنلەردە كېلىمەن، دىگەن، - دىدى بالا خىلىلا ئېچىلىپ.

ئامىنە گۈرۈچتىن بىر سىقىمىنى خالتىغا ياندۇرۇۋېتىپ، ئاندىن تەلەڭگىگە سۇقۇيدى. ئۇ گۈرۈچنى يۇيۇۋېتىپ، ئەكبەرنىڭ تۇرماقچى بولۇپ پۇشۇلداۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ئالدىغا باردى.

— كىچىك تەرەت قىلامسىز؟

— ياق . . . توختاڭ، مۇئەللىم، مەن ئۆزەم . . .

— سىز يەر دەسسىگىز بولمايدۇ، — دىدى ئامىنە ئۇنى توسۇپ، — پۇتىڭىز شۇنچە ئۇششۇك تۇرسا، زورۇقۇپ قالامدۇ. مەن سىزنى يۈدۈپ ئەپچىقاي، — شۇنداق دەپلا دۈمبىسىنى ئەكبەرگە ئۇدۇللاپ ئۇنى يۆلىدى.

— مۇئاللىم، مەن ئۆزەملا... مەن ماڭالايمەن! — دىدى ئەكبەر تىت - تىت بولغىنىچە يۇلقۇنۇپ.

لېكىن، ئامىنە ئۇنى ھاپاش قىلىۋالدى - دە، ھاجەتخانىغا يۈگۈردى...

ئامىنە ئەكبەرنى ھۇلىغا ئۈچ ياستۇق يۆلەپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، قولىغا بىر چىنە گۈرۈچ ئاشنى، تۇتقۇزۇپ ئۆزى شال سۈپىنىڭ قىرغىغا ئېلىندى - دە:

— يەپ بېقىڭا، مەن ئاپىڭىزغا ئوخشاش غىزاغا ئۇستا ئەمەس، ئاغزىڭىزغا تېتىماسمىكىن، تايىن، — دىدى.

— سىزمۇ ئۇسۇپ يەڭ، مۇئەللىم، - دىدى ئەكبەر تەلەپ نەزىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىسىغا قاراپ.

— مەن ھازىرلا غىزا يىگەن، — دىدى ئامىنە تەبەسسۇم بىلەن، — سىز يەۋېرىڭ، مەن قاراپ ئولتۇراي، سىز يەپ بولسىڭىز . . .

— سىز يىمىسىڭىز مەنمۇ يىمەيمەن! — دىدى ئەكبەر باتناپ ۋە قولىدىكى چىنىنى يېنىغا قويۇشقا تەمشەلدى، — مەن ھەممىشەم ئاپام بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يەيدىغان.

— ماقۇل، ماقۇل، - دىدى ئامىنە ئىتتىك تۇرۇپ ۋە پىيالىگە ئازراق ئاش ئۇسۇپ كېلىپ جايىغا ئولتۇردى، — مەنمۇ ئاپىڭىزغا ئوخشاش يېنىڭىزدا ئولتۇراي، بىز ئانا - بالىدەك بىللە غىزالىنايلى ئەمسە - ھە؟

شۇئان ئەكبەرنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، چىنىسىنى قولىغا ئالدى.

ئامىنە ئۇنىڭ تاماق يەۋېتىپ، بىرقانچە قېتىم كەپ قىلىشقا تەمشەلگەنلىكىنى، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقانلىقىنى تۇيغان بولسىمۇ، سەزمەسكە سېلىپ ئولتۇردى.

ئەكبەر غىزاسىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئامىنە ئۇنىڭ دورا ئىچىۋېلىشى ئۈچۈن، چايدانىدىن بىر پىيالە قايناقسۇ قويۇپ تۇتتى. ئەكبەر پىيالىنى ئالغىچە، ئامىنەنىڭ قولىنى قوشۇپ تۇتۇۋالدى ۋە يىغلامسىراپ:

— مۇئەللىم، سىز راستىنلا ياخشى ...، مەن مەكتەپكە بارمايدىغان ساتتار، مەۋلان دىگەن باللارنىڭ كەينىگە كىرىپ...: — دەپ بۇرنىنى تارتتى.

— بۇلارنى دەپ يۈرۈشىڭىزنىڭ نىمە ھاجىتى

بار؟ — دىدى ئامىنە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ... ماشىنىلارغا ئېسىلىپ، تۆمۈر، سىم ئوغرىلاپ سېتىپ ... ، — ئەكبەر گېپىنىڭ ئايىغىنى دەۋەتمەكچى بولۇۋېدى، قاتتىق يىغا تۇتۇپ بوقۇلداپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

— بولدى، دىمەك، — دىدى ئامىنە تەسەللى بېرىپ، — مەن سىزنى ئىقرارغا تارتقىلى كەلگىنىم يوق. تۈنۈگۈنكى گەپلىرىم قاتتىق تېگىپ كەتتىمىكىن، دەپ، بۈگۈن سىزدىن ئالايتەن ئەپۇ سورىغىلى كەلگەن ئىدىم. كەمچىلىك بولمىدىكەن، قايسىمىزدىلا بولسا، تۈزەتسەكلا بولمامدۇ؟ مۇندىن كېيىن، مەنمۇ دىققەت قىلىمەن، سىزمۇ ئۆزىڭىزدە يېتەرسىزلىك بار دەپ تونۇسىڭىز، تۈزىتىپ كېتەلەيدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن... خاتىرجەم يېتىپ داۋالىنىڭ، سىز ساقايغىچە، ھەركۈنى كەچتە كېلىپ دەرس تولۇقلاپ بېرىمەن، — ئامىنە سائەتكە قاراۋېلىپ، — ئۆيدە كىچىك سىڭىللىرىڭىز يالغۇز قالغان، خەير، ئەكبەرجان!

ئامىنە كۆزلىرىدىن قويۇلۇۋاتقان ياشنى ئىككى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېرتىپ ئۈلگۈرتەلمەيۋاتقان ئەكبەرنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۆيدىن چىقتى. قۇتىرىغان شىۋىرغان بايىقىدىنمۇ كۈچەيگەن، قۇمدەك چۈشۈۋاتقان قار تېخىمۇ ئەدىگەن، ئالىقاچان چىراقلار يېقىلىپ بولغان كوچىدا ئادەم ئەسەرى قالمىغان ئىدى.

ئامىنە ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، ئىككى قىزى ئالىبۇرۇن يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، پەرىدەم سىڭلىسىنى قۇچاغلىغان بولۇپ، روشەنگۈلنىڭ قۇچىقىدا بولسا سەت بىر پۈرۈچ قونچاق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ياتاتتى. ئامىنە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر كۆرپىنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن، كاستىرولكىنىڭ ئىچىگە قاراپ باقتى، پىخخىدە كۆلۈۋەتتى؛ ئاشنىڭ سۈيى قۇرۇپ خىمىرغا ئايلىنىپ قاپتۇ، تېخى تېگى بىر ئىلىكچە كۆيۈپ كېتىپتۇ. ئامىنە كاستىرولكىنى يەرگە قويدى-دە، چايداندىن قايناقسۇ قۇيۇپ، نان يىگەچ، تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى ئالدىغا تارتتى...

ئەتىسى ئوقۇغۇچىلار كېلىشكە يېرىم سائەتچە قالغاندا، ئامىنە ئوت يېقىۋېتىش ئۈچۈن سىنىپقا ماڭدى. كېچىكى قارلىق شىۋىرغان توختىغان بولسىمۇ، سوغاقنىڭ پەيلى تېخىمۇ يامان بولۇپ، زەھەردەك نەشتىرى تەككەن يەر شۇئان سەزمەس بولۇپ قالاتتى.

ئامىنە سىنىپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىشىگە، ئىسسىق ھاۋا ھۇپپىدە يۈزىگە ئۇردى. قارىسا، مەش كانايلىرى بىلەن قوشۇلۇپ قىزىرىپ كېتىپتۇ، مەشنىڭ كەينىدىكى پارتىدا ئەكبەر دەرسلىك كىتاۋىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ، يېنىدا بىرتال قولتۇق تاياق يۆلەكلىك تۇرۇپتۇ. ئەكبەر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، ئەدەپلىك بالا ئاپىسىنى كۆرگەندەك، سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئەيمىنىپ قارىدى، ئاندىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خىجىللىق ئىچىدە تىيەممىغىنى تىتماسلىدى. بىر مېھرىۋانلىق ئامىنەنى ئالدىغا ئىشتەردى، ئۇ يۈگۈرۈپ دىگەندەكلا بارغىنىچە، خۇددى شەپقەتلىك ئانىلاردەك، بالىنىڭ بويىنىدىن قۇچاغلىدى ۋە مەڭزىنى-مەڭزىگە ياقتى. سۈپ-سۈزۈك ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىدە مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇراتتى...

1981 - يىل تۇرپان

# ئىككى مەسەل

مەھەممەت ئىمىن

## ئىككى تايچاق

ئىككى تايچاق كېلىشىپ قويغان بويىچە ۋاقتى يېتىپ كەلدى، مۇشۇ پەيتنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان سەكە، كۈچۈك، ئاسلان، چۈجە خوراز، توشقان، بۇغا، جەرەن، كىيىك قاتارلىق تاماشىبىنلار بەيگە مەيدانىغا يىغىلىشتى.

بەزىلەر: «ئاۋۇ قاۋۇل قاشقا تايچاقنىڭ ئۆتۈۋېلىشىدا گەپ يوق»- دېسە، يەنە بەزىلەر: «ھەي ۋىجىك بوز تايچاقنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ جۇمۇ!»- دېيىشەتتى. تالاش - تارتىش تازا ئەۋجىگە چىققاندا ئاپپاق ساقاللىق سەكە بەيگىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكالىدى. ھەممەيلەن جىم بولۇپ، كۆزلىرىنى ئىككى تايچاققا تىكتى. سەكىنىڭ: «بىر! ئىككى! چاپ!» - دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئىككى تايچاق گويا كىرىچتىن ئاجرالغان ئوقيادەك ئالغا قاراپ ئېتىلدى. دەسلەۋدە بەستلىك، قاۋۇل كەلگەن قاشقا تايچاق ۋىجىك، ئورۇق بوز تايچاقنى خېلىلا ئارقىغا تاشلاپ قويدى. بەلگىلەنگەن مۇساپە يېرىملاشقاندا بوز تايچاق قاشقا تايچاققا يېتىشىۋالغىلى تۇردى. ئەتراپتىن: «بوز تايچاق غەيرەت قىل!»، «قاشقا تايچاق بوش كەلمە!» دېگەن سادالار ياڭرىدى. تاماشىبىنلار جىددىيلەشتى. قاشقا تايچاقنىڭ ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىغانلار پەللە يېقىنلاشقانسىرى: «ئەستەخپۇرۇللا! قاشقا تايچاق ئۇتتۇرۇپ قويامدۇ نېمە؟»، «قانداق گەپ بۇ؟»، «چاتاق بولدى . . .» - دېيىشكىلى تۇردى. بوز تايچاققا بولۇشقانلار: «بەللى! يارايسەن بوز تايچاق!»، «ئاخىرغىچە چىداشلىق بەر!»، «غەيرىتىڭگە بارىكاللا!» دېيىشىپ ئىلھام بېرىشتى. بۇ چاغدا بوز تايچاق ئاللىقاچان قاشقا تايچاقتىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. قاشقا تايچاق بارغانسېرى سوزۇلۇپ ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى، ئاخىرى پەللىگە يەنە يۈز ماڭدامدەك قالغاندا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. پەللىگە بىرىنچى بولغان بوز تايچاق شۇ زامان ئارقىسىغا يېنىپ ئۇچقاندەك قاشقا تايچاق يېنىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئۇنى يۆلەشتۈردى. قاشقا تايچاقنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك نەپىسى جىددىيلىشىپ، چاۋغايلىرى كۆۋۈكلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن ھەممەيلەن ھەيران قېلىپ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن ھالدا بىر - بىرىگە قاراشتى. پەقەت بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىدىغان سەكىلا گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك بىخارامان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بىر پەس داۋاملاشقان غۇلغۇلىدىن كېيىن ھەممەيلەن سەكىگە ئىلتىماس قىلىشتى:

— سەكە تاغا، قاشقا تايچاق شۇنچىلا قاۋۇل تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇتتۇرۇپ قويىدى؟ بىز بۇنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدۇق، ئۆزىڭىز چۈشەندۈرۈپ قويىڭىز!

— ھەممىڭلارغا مەلۇم، دېدى سەكە ساقىلىنى سىيپاپ، — بوز تايچاقنىڭ تېنى قاشقا تايچاقتىن ئاجىز، تېخى بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن بەيگىدە بوز تايچاقنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقى ئېسىڭلاردىن چىقىپ كەتمىگەندۇ؟ شۇ چاغدا بوز تايچاق «يەنە بىر قېتىم بەيگىگە چۈشەيلى!» دېگەندە، قاشقا تايچاق مەئىستىمىگەن ھالدا ماقۇل بولغان ئىدى. مانا بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بوز تايچاق ئاخىرى ئۇتۇپ چىقتى. بۇنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، قاشقا تايچاق ئۆزىنىڭ قاۋۇللىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ چېنىقىشقا سەل قارىدى. بوز تايچاق بولسا تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، ئىسسىق - سوغاق دېمەي جاپاغا چىداپ چېنىقىپ ئۆزىدە چىدام ۋە غەيرەتنى يېتىشتۈردى. دېمەك، گەپ — چېنىقىشتا!

## كاپ - كاپ كۈچۈكنىڭ ھەسرىتى

ئۆزىنىڭ كېلىشكەن تەقى - تۇرقىنى، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازىنى بەزى بالىلارنىڭ ئانچە - مۇنچە ماختاپ قويىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئالا كۈچۈك تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى كەلسە - كەلمەس ھاۋشۇيدىغان بولىۋالدى. ئۇ تاڭ سەھەردە ساپان سۆرىگىلى چىقىپ كېتىۋاتقان ئۆكۈزگە قاراپ ھاۋشىغاندا، بەزىلەرنىڭ: «ۋاي، ماۋۇ ئالاكۈچۈككە قاراڭلار! مۇشتۇمدەك تۇرۇپ شۇنچە چوڭ ئۆكۈزگە خىرىس قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتىدۇ، چوڭ بولساخېلى يۈرەكلىك ئىت بولغىدەك جۇمۇ!» - دېيىشكىنىنى ئاڭلاپ خوشال بولۇپ كېتەتتى - دە، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن ھاۋشۇشقا باشلايتتى. بارا - بارا ئالا كۈچۈكنىڭ قۇلىقىغا كىشىلەرنىڭ: «ھەي، ئىت، ئۆزى شۇنداق كېلىشكەن كۈچۈككەنۇ، لېكىن قىلىقى ئەجەپ يارىماسكەنا ...»، «چوڭ بولسابىھۇدە قاۋاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ ...» - دەپ ئۆكۈنگەن ھالدا قىلغان پاراڭلىرى ئىشىتىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالاتتى - دە، يا دەرەخ سايىسىغا كىرىپ ئۇخلىۋالاتتى، يا چوڭ يول بويىغا بېرىۋېلىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاۋاپ ئىچ پۇشقىنى چىقىراتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئالا كۈچۈكنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇ، بۇرۇن ئۆزىنى قۇچاقلىرىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ قويىدىغان بالىلارنىڭ پاچاقلىرىغا سۈركەلەكچى بولۇپ غىڭشىغىنىچە ئالغا قاراپ تاشلانغاندا، ئۇلار قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي تېپىۋېتىپ ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدىغان، ئۆزىنىڭ يېقىملىق زىل ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپمۇ قويمايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىغان، تەپ تارتماي كاپ - كاپ كۈچۈك دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋېلىشتى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدىن ئالا كۈچۈكنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. «قانداق گەپ بۇ؟ ...» - دەپ ئويلايتتى ئۇ بۇنىڭغا ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلغىدەك جاۋاپ تاپالماي ھەسرەتلىنىپ.

كېيىنچە ئۇ كىشىلەرنىڭ تاغىل ئىشتنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ باتۇر، ھوشيارلىقىنى ماختىشىپ، نان - پان، سۆڭەك دېگەندەك نەرسىلەرنى تاشلاپ بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. تاغىل ئىشت نىھايەت ئۆي - ئارام، ئېغىل - قوتان ئەتراپىنى ئايلىنىپ تۈن بويى كىرپىك قاقماي كۆزەتچىلىك قىلىپ چىقاتتى. كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ئېتىز - ئېرىقلارغا قاراپ مېڭىشقا باشلىغاندىلا، ئاندىن ئالدىراپ ناشتا

قىلاتتى - دە، ئۇۋىسى ئىچىدە بىر پەس سوزۇ-
لۇپ يېتىپ كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى. بىرەر چىددى
ئىش يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولمىسىلا، ئادەتتە
ئۇنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بول-
مايتتى. كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى
جەلپ قىلغۇدەك بىرەر ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە
ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. كىشىلەر
زادى ئۇنىڭ نېمىسىنى ياقتۇرۇپ قالىدىكىنە؟
ئالا كۈچۈك بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىش
ئۈچۈن تاغىل ئىشتىنىڭ يېنىغا باردى.

— تاغا! - دېدى ئۇ ئۇيلانغان قىياپەتتە، -
كىشىلەر سىزنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ؟

— ھا! ھا! ھا! ... - تاغىل ئىشت ئۆزىنى
تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى، - سەن ئەسلىدە «كى-
شىلەرنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە ھاردىم - تال-
دىم دېمەي قاۋاپ بىرىۋاتقان مەندەك كۈچۈك-
نى ياخشى كۆرمەي، كۈن بويى بېشىنى ئىچىگە
تىقىپ ئۇخلىغان يورىدىغان سەندەك ئىشتنى
ياخشى كۆرگىنى قانداق گەپ؟» - دەپ سورى-
ماقچى ئىدىڭ، شۇنداق ۋۇ؟

تاغىل ئىشتنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىۋې-
ۋالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ كەتكەن ئالا كۈ-
چۈك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي پوكاندەك قىزى-
رىپ تۇرۇپ قالدى.

— بالام! - دېدى تاغىل ئىشت بىر ئازدىن
كېيىن مەنىلىك قىلىپ، - بىزنىڭ ۋەزىپىمىز
غەزەلخانلىق ئەمەس، بەلكى ھويلا - ئارام-
لارنى ئوغرى - يالغاندىن، ئېغىل - قوتانلار-
نى بۆرە - قاۋاندىن ساقلاش. شۇنداق ئىكەن
كىشىلەر سېنىڭ قۇرۇقتىن - قۇرۇق ھاۋشۇپ
بەرگىنىڭگە ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋەزىپەڭنى ياخ-
شى ئادا قىلالىغان - قىلالمىغانلىقىڭغا قارايدۇ،
ئەلۋەتتە!

(بېشى 55 - بەتتە)

كېلۋا تاتتىق. ئاخىرى بۇ توسالغۇنى يېڭىشكە
ئوقۇغۇچىمىز ھېلىمىنىڭ يۇقۇرقى ئىش چوڭ
تەسىر كۆرسەتتى. قارا، ئۈستەڭ سۇيىنى سەل
جەنۇپقا بۇرىساق قوش گۈمبەز تۇرغان دوڭگە
چىقىدۇ تەبىي شاقىراتما ھاسىل بولىدۇ. قوش
گۈمبەز ئورنىغا ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلى-
دۇ...يۇرتىمىزنىڭ نامىغا كەلسەك، ئۇنى
ئۆزگەرتىش نىيىتىمىز يوق، بىز مەھەللىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا كولۇپ، باللار بىلىم يۇرتى سال-
ماقچىمىز. ئۇلارنىڭ ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە
بولىدۇ. بۇنى بىز ئۇيغۇر ئىمارەتچىلىكىنىڭ
بىر خىل مىللى ئۇسلۇبى سۈپىتىدە ساقلاپ قا-
لىمىز. ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ قوش گۈمبەز يېزى-
مىزنىڭ تەبىي ھۆسنىگە تېخىمۇ يارقىن، تې-
خىمۇ پارلاق بىزەكلەر پەيدا بولغۇسى. بۇنىڭ
ئۈچۈن بىزنىڭ دېخانلىرىمىز زامانىغا لايىق
بىلىم ئەھلى بولىشى كېرەك، بىزنىڭ ئوتتۇرا
مەكتەپ قۇرۇشىمىز مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدۇ....

—شۇنداق دېدىم مەن دوستۇمنىڭ سۆز-
لىرىگە قايىل بولۇپ، -سېنىڭ ھېكايەڭدىن
شۇنى چوڭقۇرھېس قىلدىمكى، مەكتەپ تەربى-
يىسى چوقۇم ئائىلە تەربىيىسىدىن ئۈستۈن تۇ-
رۇشى، ئوقۇغۇچىلارنى پەننى بىلىمگە مەھلىيا
قىلىۋېلىشى كېرەك ئىكەن. ھېلىم
ئىككى خىل ئىدىيىنىڭ تالىشىشىدا قال-
غان. لېكىن ئاتىرەتلىكىنىڭ ۋەسۋەسى ئۇنى
قورقۇتالماپتۇ، بەلكى ئۇ ئاتىسىنى قايىتا ئويغ-
ۇتۇپتۇ. بۇنى سېنىڭ ئەمگىكىڭدىن ئايرىپ
قارىغىلى بولمايدۇ-دە، دېدىم.

—ئەڭ مۇھىمى زامان بىزگە كۈلۈپ
قارىدى. زاماننىڭ ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك
بولسىلا، ھېكىم تەغدىر ئىلاھىنى سېغىنمايدۇ،-
دېدى زۇنۇن ئىشەنچە بىلەن.

مەن زۇنۇننىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، رازىمەن-
لىك بىلدۈردۈم. شۇ ۋاقىتتا مەن قوش گۈمبەزگە
ئاخىرقى قېتىم قارىدىم ۋە ئىچىمدە: «مەن يەنە
بىر قېتىم كەلگىنىمدە سېنى كۆرەلمەيمەن، تا-
رىخ ساڭا شۇنى ئاتاقىپتۇ، خەيرخوش» - دېدىم.

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېيالىستىك پىروزىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى

مۇھەممەت پولات

تارىختا بىرىنچى بولۇپ بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى ئورناتقان ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى ۋە جاھانگىرلىك، فېئوداللىزمنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەن شانلىق «4 - ماي» ھەركىتى ئېلىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا شىنجاڭدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

بولۇپمۇ 1933 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭدا كاپىتالىستىك ئىختىسات رەسمىي شەكىللىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللىي ئىگىلىكتە تۇتقان ئورنى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆرۈلدى. ئۈرۈمچى، چۆچەك، غۇلجا، قەشقەر ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل سودا شىركەتلىرى، يېڭى تېخنىكا بىلەن قوراللانغان سانائەت كارخانىلىرى ۋە باشقا ھەرخىل ئىقتىسادى مۇئەسسەسەلەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. شىنجاڭنىڭ سىياسى ئىقتىسادى ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇ زور ئۆزگىرىشلەر خەلقنىڭ مەدەنىي ھاياتىغىمۇ يېڭى جانلىنىش ئېلىپ كەلدى. 1933 - يىلى قەشقەردە 1934 - يىلى ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىدا زامانىۋى مەتبۇئات بارلىققا كەلدى. گېزىت ۋە باشقا ئالمانا خلار نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. تىياتىر ۋە سەنئەت گۇرۇپپىلىرى كۆپلەپ قۇرۇلۇپ دېموكراتىك تۈس ئالغان ئىلغار مەدەنىيەت جانلاندى. ئۈرۈمچىدە تۇنجى ئالى مەكتەپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى رەسمىي قىلىنىپ، كۆپلەپ يەرلىك مىللەت زىيالىلىرى يېتىشتۈرۈلدى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋى ۋە باشقا ھەر خىل كەسپى تېخنىكا مەكتەپلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىپ، زامانىۋى مائارىپ ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 1938 - يىلى پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈرىشىنى تەشكىللەشكە ئەۋەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ۋاكالەتلىك ئورنى بىلەن 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى. مەشھۇر يازغۇچى ماۋدۇن ۋە بىر قىسىم ئىلغار زىيالىلار شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزمغا قارشى كۈرىشىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتەردى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئۈرۈمچىدە مەدەنىيەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلغاندىن باشقا شىنجاڭنىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىدە، ھەر قايسى مىللەت تىللىرىدا نەشر قىلىنغان ئىلغار ئىدىيىدىكى كىتاب - ژورناللار بىلەن تەمىنلەنگەن ئاممىۋى كىتابخانىلار ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقى ماركسىستىك ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىلمىي نەزەرىيىۋى كىتابلار بىلەن، ئېلىمىزنىڭ لۇشۈن، ماۋدون قاتارلىق كىشىلەر ۋەكىللىگىدىكى ئىلغار ئەدەبىياتى بىلەن شۇنداقلا

گېيوگو، تاگور، پوشكىن، تولستوي، چېخوپ، ئابدۇللا توقايغا ئوخشاش كىلاسسىكلارنىڭ، سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ گوركىي، ماياكوۋسكىي، فادېيېۋ، سەدرىددىن ئەينى، غوپۇر غۇلام، خەممت ئالىمجان، هادى تاقتاش، ئۆمەر مۇھەممەدى قاتارلىق ۋەكىللىرىنىڭ ئىنقىلاۋى مەزمۇنغا باي بولغان ئەسەرلىرى بىلەن تېخىمۇ كەڭ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ هال جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان شىنجاڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتەردى. شىنجاڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مانا مۇشۇنداق ئىلغار سىياسى ئىجتىمائى ۋەزىيەت ۋە ئىنقىلاۋى ئاممىۋىلىققا ئىگە بولغان يېڭى مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى هاياتىدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولدى. شەرق مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق سەھىپىلىرىنىڭ بىرى بولغان بىزنىڭ مىللى ئەدەبىياتىمىز، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك هالدا يېڭىلىنىپ، ئۆز دەۋرىمىزنىڭ مىللى تۇرمۇش مۇھىتىدىكى رېيال ۋەقە مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزىگە خاس بەدىئى پورمىدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە يۈزلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ يېڭىچە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى يورۇتۇپ، بېرىدىغان ئاممىۋى ئەدەبىيات بولۇپ قالدى. بۇ هال ئەڭ ئاۋال بىزنىڭ يېڭى شېئىرىيىتىمىزدە روشەن ئىپادىلەندى.

20 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ بىزدە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بىر قىسىم يېڭى شېئىرلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلاردا خەلقىمىزنىڭ فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە شارائىتى ئاستىدىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىققا بولغان تەلپۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئەمەلدار بايلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى، مۇتەئەسسىپ دىندارلارنىڭ ئالدامچىلىقى، قالاقلىق ۋە مەنىۋى قاششاقلىقلار ھەجۋى قىلىندى. يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ئىجادىيەتنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى بارلىققا كەلدى. يەكەندە تەجەللى، تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قەشقەردە قۇتلۇق شەۋقى، نىم شېھىت، غۇلجىدا ئەنۋەر ناسىرى، مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەنسۇرى قاتارلىق كىشىلەر ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىلاسسىك شېئىرىيەت ۋە خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئى ئۇلگىسى ئاساسىدا يېزىلغان يەڭگىل ۋە ئاممىباپ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرى ئۈچۈن مۇھىم بولغان بىر قاتار ئىلغار ئىدىيىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش سىگنالىنى چالدى. بولۇپمۇ شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يارىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا قىلغان ئەمگىكى ئالاھىدە زور بولدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1896 - يىلى تۇرپان يېڭى شەھەردە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئىزلەش يولىغا كىرىپ، دەسلەپ ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىنى، كېيىنچە خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرىنى ئۆگەندى. كۆپ قېتىملاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەمەي، تاشكەنت، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىگە چىقىپ، ئىلغار مەدەنى تۇرمۇش بىلەن تونۇشتى. بۇ شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى، بەدىئى ئىجادىيىتىنىڭ ئۆسۈش ۋە تاكامۇللىشىشى، ئاخىرىدا زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى يالقۇنلۇق جەڭچى سۈپىتىدە كۈرەش مەيدانىدا ئۆزىنى كۆرسەتكەن ھەقىقى شائىر ئىنقىلاپچى بولۇپ يېتىشىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ..

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن باشلاپلا تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كەڭلىككە، تۇر ۋە شەكىل جەھەتتىن

خەلىمۇ ـ خەللىقى، ئۇيلاپ چىقارغان خىيالى يە، مۇكەممەللىككە ئىنتىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ـ لا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئۈمىتۋارلىق ۋە كەلگۈسىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچ روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان 200 پارچىدىن ئوشۇق ئاجايىپ شېئىرلارنى يېزىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەس شانلىق سەھىپە ياراتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشاپ، ئىجات ئەتكەن يىللىرى شىنجاڭدا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە كۈچەيگەن، ئەكسىيەتچىلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىك قاراڭغۇلۇقى ھەممە يەرنى قاپلىغان، زۇلمەتلىك يىللارغا توغرا كېلەتتى. لېكىن شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر زامانىنىڭ رايىغا باقماي، زورلۇق ئالدىدا تىز پۈكمەي، ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سادىق بولۇپ قالدى. قورقۇنۇچلۇق ئۆلۈم دەھشەت سېلىۋاتقان سۇرلۇك مىنۇتلاردىمۇ، ئۆز شېئىرلىرىدا كۈيلىگەن ئازات ۋە بەختىيار ھايات قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىدىن تەۋرەنمەي 1932 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا مەرتلەرچە قۇربان بولدى.

شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، ئىلغار مەدەنىيەت ھەركىتى ۋە باشقا دېموكراتىك ئىدىيىلەرنىڭ ئومۇملىشىش ۋە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئەدەبىياتىمىز تۈر ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ بېيىدى. 1934 ـ يىلدىن باشلاپ بىزدە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر جەڭگىۋار تۈرى درامما تۈرگىيە پەيدا بولدى. تۇرمۇشىمىزدىكى يامان چاكىنا ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى كومېدىيىلەر، خەلقنىڭ مۇھەببەت داستانلىرى ئاساسىدا يارىتىلغان درامما خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە باشلىدى. ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ باشلىغۇچىلىرىسىنىڭ بىرى بولغان قاسىمجان قەمبىرى، لوتپۇللا مۇتەللىپ، زونۇن قادىرى قاتارلىق كىشىلەر بۇ ساھەنىڭ كۆرۈنەرلىك ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالدى.

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەدەبىياتىمىز مەزمۇن ۋە بەدىئىلىك جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئىلگىرىلەپ ئەدەبىياتنىڭ يېتەكچى ژانىرى بولغان رىئالىستىك پىروزا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى. لېكىن بىزنىڭ پىروزىمىز ئۆزىگە خاس شەكىللىنىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. خەلق چۆچەكلىرى ۋە رىۋايەتلىرى ۋەقەلىكىنى يېگىچە روھ بىلەن بېيىتىپ، ئۇنى كىلاسسىك پىروزىمىزنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، تەسۋىرلەپ بېرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۇ چاغدىكى پىروزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

1940 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىدە ئابلىز شېرىپنىڭ تۇرمۇشتىكى بولمىغۇر ھادىسىلەرنى پاش قىلىشقا بېغىشلانغان «بارات چەللىگۈر» ناملىق ساتىرىك ھېكايىسى بېسىلدى ① شۇندىن باشلاپ گېزىت ـ ژورناللاردا ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلغان ھېكايە، فېليەتون ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

تالانتلىق ئىنقىلاۋى شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ بۇ يىللاردا پىروزا ئىجادىيىتى ساھەسىدىمۇ

---

① بۇ شائىر تۇرغۇن ئالماس قاتارلىق پىشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەسلىمىسى. بۇ ھېكايىنىڭ مەتبۇئات نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان «تاڭ پاجەسى» ناملىق ھىكايىسى، فاشىس ئۇرۇشخۇمارلىرىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان «ئەجەل ھودۇقىشىدا»، «پادىشا سامۇرايلىرى ئېغىر ھاسىرايدۇ» قاتارلىق فىلىيە تونلىرى، ۋەتەنىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» ناملىق پوبلىستىكىسى بىلەن پىروزىمىزدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ياپونغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا بېغىشلانغان «شانلىق قۇربان» ھىكايىسى ئارقىلىق پىروزىمىزنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى.

شېئرىيەت ئىجادىيىتى ساھەسىدە ئۇتۇقلۇق ئىشلەپ كېلىۋاتقان شائىر ئەخمەت زىيائىنىڭ «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق پوۋېستىنىڭ ئېلان قىلىنىشى پىروزىمىزدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولدى. سەپەر سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بۇ پوۋېست ئەدەبىياتىمىزنى بىرىنچى بولۇپ تۇنجى يېرىك ئەسەر بىلەن تەمىنلىدى. 1944 ـ يىلى ئىلىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوراللىق كۈرىشى پارتلىدى. بۇ كۈرەش ئۆززىنىغا بارماي ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە كېڭىيىپ گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ دېموكراتىك تۈس ئالغان ئىلغار ھاكىمىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ھال ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئىلگىرى سۈردى. پىروزىمىز مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ يۈكسىلىپ رېئالىستىك پىروزىنىڭ مۇكەممەل ئىزىغا چۈشتى. باشقا خەلقلەر پىروزىسىدا بار بولغان ھەممە بەدىئى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، رېئاللىقنى ئۆز قىياپىتى بويىچە ئېچىپ بېرىشنىڭ يېڭى پەللىسىگە كۆتىرىلدى. بۇ ساھەدە يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ ئەمگىكى ئالاھىدە زور بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلق راۋايەتلىرى ۋە خەلق ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى نەسرى پورمىدىن ئىجادى ھالدا پايدىلىنىپ يازغان «رودۇپاي»، «ئالتۇننىڭ تەسىرىدە» ناملىق ھىكايىلىرىدا ۋە باشقا ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلغان «كۆچەككە ھۇجۇم»، «ئىككى بارمىغىم بىلەن» «مۇئەللىمىنىڭ خېتى»، «پەرمان»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «رىزىدۋانگۈل» قاتارلىق ھىكايە ۋە ئوچېركلىرىدا جەمئىيەت ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان بىر قاتار مۇھىم ئىجتىمائى مەزمۇنلارنى ئېچىپ بېرىپ، پىروزىمىزنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتەردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ فېودالىلىق ئېكسپلاتاتسىيە شارائىتى ئاستىدىكى دېخان تۇرمۇشىنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىسىنى تەسىرلىك قىلىپ سۈرەتلەپ بەرگەن. «ماغدىر كەتكەندە» ناملىق ھىكايىسى پىروزىمىز تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدە ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولدى. بۇ ھىكايە تۇرمۇش پۇرىغىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تىلىنىڭ نەپىس ۋە ئوبرازلىقلىقى، ھىسسىياتىنىڭ سۇزۇك ۋە ۋەزمىنلىكى، ئوبرازلىرىنىڭ روشەن ۋە جانلىقلىقى بىلەن پىروزىمىزنىڭ ئازاتلىقىچە بولغان تەرەققىيات تارىخى ئىچىدە يارىتقان ئەڭ ياخشى بەدىئى ھىكايىسى بولۇپ قالدى.

شائىر ئابلىز نازىرى بۇ يىللاردا ئىجادى زېھنىنى كۆپرەك ھىكايە ۋە فىلىيەتون ئىجادىيىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ «مۇڭلۇق ئالچۇق»، «مىجىلغان ياش يۈرەكلەر»، «ئالتاي پارتىزانلىرى»، «تەسىرات» قاتارلىق ھىكايە ۋە بەدىئى خاتىرىلەرنى ئېلان قىلىپ، پىروزىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاكتىپ ماسلاشتى. ئۇنىڭ «مىجىلغان ياش يۈرەكلەر»، «ئالتاي پارتىزانلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەينى ۋاقىتتا جامائەتچىلىك ئىچىدە خېلى چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى.

پەروزىمىزنىڭ بۇ يىللاردىكى ئالاھىدىلىكى شۇ بولىدىكى پەروزىمىز ئۆزە ۋە ئادەتتىكىچە تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى دائىرىسىدىن چىقىپ، جەمئىيەتتىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كەڭ ۋە ئومۇمىي ۋەقەلەر دائىرىسىگە كۆچۈش بىلەن مەزمۇننى كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان كونكرېت بەدىئىي ئوبرازلار ئەگمۈزدە ئېچىپ بېرىشكە يۈزلەندى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى چىرىك ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىي غالجىرلىقى بىلەن فېئودال مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى سىياسىتى پەروزىمىزنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتىغا يول قويمىدى. نەتىجىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ يېڭى ساھەسى خېلى بىر مەزگىلگىچە تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە تۇرۇپ قالدى.

* *

زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى شانلىق كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان جۇڭگو خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىدە قانلىق كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىپ، جياڭ جېشىنىڭ ئەكسىيەتچى خاندانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىپ، 1949 - يىلى ئۆكتەبىردە ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. فېئودالىزم، ئىمپېرىيالىزم، بيوكرات كاپىتالىزمنىڭ تۆمۈر ئىسكەنجىسىدە قىسىلغان ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۆز ئۆزىگە خوجا ئازات قەدەم سۆيىتىدە يېڭىدىن قەد كۆتەردى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بۇ ئۇلۇغ غەلىبىسى ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدىمۇ پارلاق سەھىپە ئاچتى. بىزنىڭ ئۇزۇن يىللار خورلانغان ئەمگەكچان خەلقىمىز، نىجاتچىسى بولغان كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، مىسلىسى كۆرۈلمىگەن قىزغىنلىق بىلەن كۈرەش ۋە ئەمگەككە ئاتلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار ھاياتىنى قۇرۇشنىڭ يېڭى دەۋرىگە ئاتلاندى. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىز ئەنە شۇنداق قىزغىن كۈرەش ۋە ئىجادىي ئەمگەكنىڭ قاينام تاشقىنى ئىچىدە شەكىللىنىپ راۋاجلاندى. بۇ ساھەدە بىزنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىمىز ناھايىتى كۆپ جاپالىق ئىزدىنىشلەرنى ئىشلىدى. ماركسىزم - لېنىنىزملىق سەنئەت تەلىماتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى بىلەن كەڭ ئەدەبىيات خادىملىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئەدەبىي ئىجادىيەت تەشكىلاتلىرىنى كەڭ تۈردە قۇرۇپ ئەدەبىي ژۇرنال ۋە نەشرىياتچىلىق ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ كەسپىي تەرەپتىن چېنىقىشى ۋە تەربىيىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا قالماي بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىز بەلگىلىك ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بىر بۆلۈم ئاپتورلار قوشۇنىغا ئىگە بولدى. بۇ قوشۇن ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ سوتسىيالىستىك پەروزىمىزنىڭمۇ ئاساسىي قوشۇنى ئىدى. ئۇلار خەلقىمىزنىڭ جەڭگىۋار تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلانغان بەختىيار يېڭى ئادەمنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئازات دەۋرىمىزگە، ئۇلۇغ پارتىيىمىزگە چىن يۈرەكتىن مەدھىيە ئوقۇدى، ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى ئورتاق تېما قىلىپ ئۆتمۈشتە دەرت تارتقان كەمبەغەل ئەمگەكچىنىڭ يېڭى جەمئىيەتتە ئېرىشكەن قەدىر قىممىتىنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ غايەت زور ئەھمىيىتىنى ئېچىپ بەردى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ

يېكار قىلىنىشى بىلەن دېخانلار تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە بېغىشلانغان «تۇردى قاسىمنىڭ خوشاللىقى» ناملىق بەدىئى ئوچېركى، يولداش ئابلىز نازىرىنىڭ «تۈگمەن» ناملىق ھېكايىسى، يولداش ئابدۇشۈكۈر يالقىننىڭ «چىن دوستلۇق» ناملىق ھېكايىسى قاتارلىق بىر قىسىم ھېكايە ۋە ئوچېركلار شۇ چاغدىكى پروزىمىزنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى بولۇپ قالدى.

لېكىن شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدىكى، ئۇ چاغدا پارلىققا كەلگەن كۆپىنچە ئەسەرلەر مەزمۇن ۋە شەكىل تەرەپلەردىن بوش ۋە جانسىز بولۇپ، ئوقۇغۇچىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگىدەك بەدىئى كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. كۆپىنچە ئەسەرلەر سوژېت، پېرسوناجلار خاراكتېرى، بەدىئى تەسۋىرى ۋاستىلىرى تەرەپتىن بىر - بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى. ھېكايە سوژېتىدا ۋەقەنىڭ كۆپ بولۇشىغىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇنىڭ تىپىك ۋە ھاياتى بولۇشىغا سەل قارىلاتتى. ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى يېزىلماي، كۆپىنچە بىر - بىرىگە مەنتىقىسى باغلىنىشى بولمىغان ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرى تەسۋىرلىنەتتى. بۇ خىل كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر بىر تەرەپتىن پروزىمىزنىڭ تېخى گۆدەكلىك دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا ئاپتورلىرىمىزنىڭ سىياسى بەدىئى تەرەپتىن چېنىقىشىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلىمىز خەلقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىۋلەشتۈرۈش، سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەركىتى شىددەتلىك بويىچە قانات يايدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى ئومۇمىي يۈزلۈك يېكار قىلىپ، ئەمگەكچى يېڭىچە ئۇيۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ ئىجتىمائى ئىنقىلاپ شىجائەتلىك ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە پروزىمىز بەدىئى غايىۋى تەرەپتىن يۈكسىلىپ بەدىئى ئەدەبىياتىمىزدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتۇشقا باشلىدى. ئەسەرلىرىمىزنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ تار ۋە تۇرمۇشتىن يىراق بولۇشىدەك غەيرى نورمال ھادىسىگە دەسلەپكى قەدەمدە خاتىمە بېرىلدى. كوللېكتىۋلىشىش ۋە ئوتتۇرا دېخان ئىگىلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تېمىدىن باشقا تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخى ئېچىلمىغان كۆپ تەرەپلىرىمۇ پروزىمىزدا ئۆزىگە خاس بەدىئى ئىپادىسىنى تاپتى. يېڭىدىن شەكىللىنىشكە باشلىغان زامانىۋى سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنى ھاياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى سۈپىتىدە پروزىمىزغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كوممۇنىستىك ئەخلاق، مىللەتلەر دوستلۇقى، ئىنقىلاۋى تارىخى كۆرەش، ئاياللار ئازاتلىقى، ئارمىيە - خەلق دوستلۇقى، مۇھەببەت ۋە ۋاپا قاتارلىق يېڭى تېمىلا پروزىمىزدا ئەكس ئېتىپ، پروزىمىزنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى. ئەدەبىياتىمىزدا بىرىنچى بولۇپ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن مۇكەممەل بەدىئى ئوبرازلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

پروزىمىزنىڭ باشلامچىلىرىدىنىڭ بىرى بولغان زۇنۇن قادىرى پروزىمىزنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆزىگە خاس ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى كوللېكتىپلەشتۈرۈش ھەركىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «توي» ناملىق چوڭ

تېپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىدىن باشقا «چېنىقىش»، «گۇمان»، «بەختىخانىنىڭ ھاياتى»، «رەھمەت»، «ئەسلەش» قاتارلىق بىر مۇنچە ھېكايىلار يازدى. ئۇنىڭ ئىنسان تەقدىرىدىكى كېچىلىلىك بولمىغان كونا جەمئىيەتتە بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان بىر كىشىنىڭ، كوللېكتىپ ئەمگەك قوينىدا ئۆزگىرىپ يارامىلىق ئادەمگە ئايلانغانلىق جەريانىنى تەسۋىرلەيدىغان «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھازىرقى زامانىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ قالدى.

پىروزىمىز سېپىگە ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاق تېمىسىدىكى «مەتباقى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن كېلىپ قوشۇلغان يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ ئىجادىيىتى بۇ يىللاردا يېڭى يۈكسەلىشكە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېلىپ يازغان «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «ساراڭ ساقايدى»، «ئازات يېزىنىڭ قىزى»، «دەسلەپكى قەدەم»، «كارىز پالۋانلىرى» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە خېلى چوڭ تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ يېزا تۇرمۇشى بىلەن دېھقان پىسخىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى خېلى ئوبدان يورۇتۇپ بەرگەن «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «ئازات يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى پىروزىمىزنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

پىروزا ئىجادىيىتىگە 1950 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ كىرىشكەن يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق ئىجادىيىتىنى ئەڭ ئاۋال كىچىك ھېكايىچىلىقتىن باشلىدى. ئۇ «سادىق بابكا»، «پۇشايمان»، «قەست» قاتارلىق بىرقانچە ھېكايىسىنى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن تېخىمۇ زور ئىجادىي قىزغىنلىق يېزىلاردىكى كوللېكتىپلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى تېما قىلغان «سىناق» ناملىق پوۋېستىنى يېزىپ چىقتى. ئاپتور بۇ پوۋېستىدا كوپىراتسىيەلىشىش ھەرىكىتىدىكى ئىككى يول كۈرىشىنى خېلى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ يېزىلاردىكى يېڭى غەلىبىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە تىرىشتى. لېكىن ئاپتور بۇ پوۋېستىدا رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ، تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن ئىدىيىنى روشەن خاراكتېرگە ئىگە مۇكەممەل بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىشكە ئېرىشەلمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ ئەسەر سوتسىيالىستىك پىروزىمىزدا بارلىققا كەلگەن تۇنجى پوۋېست سۈپىتىدە كەڭ كىتابخانلار ئىچىدە مەلۇم تەسىر قوزغىدى. يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق كېيىنچە «تاڭ ئالدىدىكى يۇلتۇز» نامى بىلەن ئىككىنچى پوۋېستىنى ئېلان قىلدى. ئاپتور بۇ پوۋېستىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى، ئىنقىلاۋىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كۈرەش ۋە ئىجادىيەت ئىچىدە ئۆتكەن جەڭگىۋار ھاياتىنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلدى. كىتابخانلار بۇ پوۋېستتىن (گەرچە بۇ ئەسەر تولۇق ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ) ئاپتورنىڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى ئەستايىدىل كىرىشكەنلىكىنى، شائىرنىڭ كەسكىن كۈرەشلەر ئىچىدە ئۆتكەن جەڭگىۋار ھاياتىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي بوياقلاردا سىزىپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغانلىقىنى كۆرەلىدى.

شائىر تۇرغۇن ئالماس پىروزىمىزنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىدە «پىچاق» ناملىق چوڭ تېپتىكى دىرامىدىن باشقا «قىزىل بايراق» ۋە «ھەيكەل» ناملىق بىر نەچچە پارچە ياخشى ھېكايە بەردى. ئۇ «قىزىل بايراق» ناملىق ھېكايىسىدا تىپىك زىددىيەت، قىزىقارلىق خاراكتېر توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق كوپىراتسىيەلەشتۈرۈشنىڭ يېزا تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى ھەر تەرەپلىمە جانلىق ئېچىپ بەردى. شائىر تۇردى سامساق بۇ يىللاردا پىروزا ئىجادىيىتىگىمۇ

ئاكتىپ ماسلىشىپ «خوشاللىق»، «تىيانشان باغرىدا»، «بەش تال ئوق» قاتارلىق بىر نەچچە پارچە ياخشى ھېكايە يېزىپ، ئىنقىلاۋىي قوراللىق كۈرەش تېمىسىنى پىروزىمىزغا ئېلىپ كىرىپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەزمۇنىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا بېيىتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يىللاردا پىروزىمىز سېپىگە قەييۇم تۇردى، مالىك كېۋىر، ئەخەت تۇردى قاتارلىق بىر بۆلۈم ياش ئاپتورلار كېلىپ قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ يولداش قەييۇم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇ بىر نەچچە يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلغان «ماي ئەت»، «بەخت يولىدا»، «ئۇراز بوۋا»، «بەختى بوۋاينىڭ بەختى»، «بىر جۈپ قەدىردان»، «شەمشەرخان» قاتارلىق 15 پارچىغا يېقىن ھېكايە ۋە ئوچېركلارنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ خېلى چوڭ ئىجادىي ئىستىقبالغا ئىگە بولغان ئۈمىدلىك ياش ئاپتور ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بۇ يىللار ئىچىدە پىروزىمىز كۆزگە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىشلەرگە ئىگە بولۇپ بۇرۇنقى بوشلۇق ۋە جانسىزلىقتىن خېلى دەرىجىدە قۇتۇلدى. پىروزىمىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئورنى روشەن ھالدا كۆتىرىلىپ، كىتابخانلارغا بەلگىلىك روھىي ئوزۇق بېرەلەيدىغان ئۈمىدلىك ساھەگە ئايلىنىپ قالدى. بىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمىز يالغۇز مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات غەزىنىسىگە قوشۇلۇپلا قالماي، بەلكى رۇس، ئېنگىلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىقتى. بۇ بىزنىڭ پىروزىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەھۋال ئىدى. گەرچە بۇ يىللاردا بىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمىز ئەدەبىياتىمىزدا مەۋجۇت بولغان سخېماتىزىم تەسىرىدىن تېخىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئالغاندا پىروزىمىز ئىدىيىنى كونكرېت بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىشكە كۈچلۈك ھەركەت قىلدى. شۇڭا ئەينى يىللاردىكى ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي رىياللىق يەنى يەككە دېخان ئىگىلىگىنىڭ كوللىكتىپ ئىگىلىككە ئايلىنىش جەريانىدىكى قاردۇ - قارشىلىقلار ۋە كوپېراتسىيىلىشىش ھەركىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولغان يېڭى مۇناسىۋەتلەر پىروزىمىزدا بەلگىلىك بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ بىزنىڭ پىروزىمىزنىڭ دەۋرى بىلەن بىللە ياشاپ بىللە ئۆسۈۋاتقانلىقىنىڭ، يېقىن كەلگۈسىدە بىزنى تېخىمۇ مول ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى ئىدى.

*                *

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى 50- يىللارنىڭ ئاخىرىدا جىددىي بىر تۇسالغۇغا دۇچ كەلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە چېكىدىن ئاشقان سول ئىدىيىۋى ئېقىم باش كۆتەردى. بۇ سول پىكىر ئېقىمى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى مەسىلىسى، ئۇنىڭ پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىش مەسىلىسى، تېما ۋە ئىجادىيەت قوشۇنى مەسىلىسى قاتارلىق بىر قانچە مۇھىم مەسىلىلەردە بىر مۇنچە خاتا ۋە زىيانلىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەسلىدە بۇ مەسىلىلەر ماركسىزىم كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ۋە دۇنيا پۇرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىدە ئاللىقاچان ھەل قىلىنغان مەسىلىلەر ئىدى. پۇرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى فىدرىخ.

ئېنگېلىس بۇندىن خېلى يىللار بۇرۇنلا بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي ھالدا يەكۈنلەپ ئۇنىڭغا «تىپىك شارائىت»، «تىپىك پېرسوناژ» تەلىۋىنى قويغان ئىدى. ئىنقىلاۋىي ئۇستاز لېنىن بەدىئى ئىجادىيەتنىڭ خاسلىق ۋە مۇرەككەپلىك قانۇنىيىتىنى ئىنتايىن ئىخچام ھالدا خۇلاسىلاپ «ھېچ شۈبھە يوقكى ئەدەبىياتنى بۇنداق بىر ئىندىزگە، بىر قېلىپقا سېلىپ باراۋەرلەش، ئازچىلىقنى كۆپچىلىككە بويسۇندۇرۇش ھەممىدىن قىيىن. بۇ ئىشتا شەخسى تەشەببۇسقا، شەخسى قابىلىيەتكە، پىكىر ۋە خىيالغا، پورما ۋە مەزمۇنغا مەيدانىنى كەڭ ئېچىپ بېرىشنىڭ مۇتلەق لازىملىقى شەك - شۈبھىسىزدۇر»① دېگەن ئىدى. ماۋجۇشىۋ ئۆزىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ «ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تېخىمۇ ئومۇمى خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن خىلمۇ - خىل ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئاممىنىڭ تارىخنى ئالغا سۈرۈشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك»- دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. لېكىن ئەدەبىيات ساھەسىدە باش كۆتەرگەن بۇ سول پىكىر ئېقىمى، ماركسىزم - لېنىنىزمىنىڭ بەدىئى ئەدەبىيات توغرىسىدىكى بۇ تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا جىددى توسقۇنلۇق بولىدى.

مەلۇمكى ھەر قانداق ئەدەبىيات مەلۇم بىر سىنىپنىڭ ئىجتىمائى جەمىيەتنى ئۆزگەرتىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل قورالى. ئۇ جەمىيەتتە ئىنقىلاۋىي كۆتىرىلىش بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بولسا ئۇنى قوغداش، ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تىل سەنئىتى، ئوبرازچانلىق ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىگى بولغانلىقى بىلەن ئادەتتىكى سىياسى تەشۋىقاتتىن پەرق قىلىدۇ. ئەگەر بۇ نۇقتا ئەستىن چىقىرىلىدىكەن ئەدەبىيات ھاياتى كۈچىدىن قالىدۇ. ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ كىشى قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ چوڭقۇر بۆلۈكلىرىگىچە يورۇتۇشقا قادىر بولغان بۇ خاسىيەتلىك چىرىغى ئۆچىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان روشەن خاراكتېرگە ئىگە مۇكەممەل بەدىئى ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ھاياتنىڭ باي ۋە خىلمۇ - خىللىقىنى، تارىخنىڭ قانۇنىيەتلىكىنى تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى تونۇۋېلىشقا ياردەم بېرىپ ئۇلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىغا ئىلھام بېرىدۇ. ئۇلارغا ساغلام ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ سەنئەتنىڭ يۈكسەك تەربىيىۋى كۈچى ئارقىلىق ئالىجاناپ پەزىلەتكە ئىگە ئىستىقباللىق يېڭى ئادەملەرنى يېتىشتۈرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك قۇرۇ-

① «لېنىن ئەسەرلىرى» ئۆزبەكچە نەشرى 10 - توم 33 - بەت

لۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ توپ يولى ئەنە شۇ. بىراق ئىلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان «سول» پىكىر ئېقىمىدىكى بەزى كىشىلەر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇكەممەل بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى رەت قىلدى. ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئادەتتىكى مەتبۇئات خەۋەرلىرى بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇپ، سىياسىي تەشۋىقاتنى بەدىئىي ئەدەبىيات تەشۋىقاتى ئورنىغا دەسسەتتى. ئۇلار ئوچېرك، دوكلات ئەدەبىياتى، خاتىرە قاتارلىق ئادەتتىكى بەدىئىي شەكىللەرنىڭ رولىنى غەرەزلىك ھالدا كۆپتۈرۈپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان، سىياسىي داۋلارنى يېشىپ چۈشەندۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئادەتتىكى ئەدەبىي خەۋەرلەر دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

تېما مەسىلىسىدە ئۇلار بىر مۇنچە قائىدە ۋە رامكىلارنى تۇرغۇزۇپ، تېمىنىڭ كۆپ خىللىقىنى چەكلەپ، ژانىر ۋە ئۇسلۇبنىڭ ئەركىن تەرەققىياتىنى بوغۇپ ھەممىنى بىر ئىزغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئۇلار خەلقىمىزنىڭ ئالامشۇمۇل ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان چوڭ ۋە يىرىك تېمىلارنى، تارىخىي تېمىلارنى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈشى زۆرۈر بولغان باشقا مۇھىم تېمىلارنى يېزىشنى رەت قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلمەيدىغان ئادەتتىكى ۋەقەلىكلەرنى كۆپلەپ يېزىشنى تەكىتلىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنى يوققا چىقىرىپ، بەدىئىي ماھارەتنىڭ رولىنى غەرەزلىك ھالدا كەمسىتىش بىلەن كەسپىي ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يولى بوغۇلۇپ ئەنىدىلا ئەركىن پىكىر، ئىجادى تەپەككۇرگە ئادەتلەنگەن مىڭلىغان يازغۇچى شائىرلىرىمىزنىڭ ئاۋازى ئۆچتى. ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى روشەن ھالدا چېكىنىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ئېغىر قەھەتچىلىككە دۇچ كەلدى.

يۇقۇرقى خاتا تەشەببۇسلارنىڭ زىيانلىق تەسىرىدە بىزنىڭ سوتسىيالىستىك پىروزىمىز ئېلى بىر مەزگىل ئەدەبىي ئاخباراتچىلىق دائىرىسىدە قامىلىپ قېلىپ تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە بۆسۈپ كىرەلمىدى. ئۆلگىلىك شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىنى ئادەتتىكى يېزىقچىلىق شەكىللىرى بويىچە خەۋەر قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئوچېرك، خاتىرە، تەسىرات قاتارلىق نەرسىلەر پىروزىمىزنىڭ بىردىن - بىر مېۋىسى بولۇپ قالدى. لېكىن ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل ئەھۋال ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى. 1962 - يىلى 6 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنى ۋە ھېكايە فىلىملار ئىجادىيىتى يىغىنىدا يولداش جۇئېنلەينىڭ سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى بىلەن يولداش چېن يىنىڭ 1962 - يىلى 3 - ئايدا گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن دىراما، ئوپېرا، باللار دىراممىسى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى يۇقۇرقىدەك خاتا پىكىرلەرگە جىددى چەك قويۇپ، ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنىڭ قايتىدىن گۈللەپ ياشنىشىنى كاپالەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ سوتسىيالىستىك پىروزىمىز يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، رېئال تۇرمۇشنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بىر مۇنچە ياخشى ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئېلان قىلغان بىر قىسىم ھىكايە ۋە ئوچېرىكلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارغا تونۇلغان يازغۇچى قەييۇم تۇردى بۇ يىللاردا ناھايىتى زور ئىجادى غەيرەت كۆرسەتتى. ئۇ تېمىدا مەخسۇسلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىپ كۆكشى ھاياتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشىمىغان نۇقتىدىن يورۇتۇپ بەرگەن بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يارىتىپ يېزىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئاساسى پىششىق، كومپوزىتسىيىسى مۇكەممەل بولغان «مىنبەڭ دۈيجاڭ»، «قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە»، «زەرەپشان بويىدا»، «زەينەپخان شۇجى» قاتارلىق ھىكايىلىرى يېزىمىزنىڭ كىشىنى خوشاللاندۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق بۇ يىللاردا ئۆزىنىڭ «تۇنجى سىلو»، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» ناملىق ھىكايىلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلار ئىچىدە قايتا مەنزۇر بولدى. بولۇپمۇ ئۇ «خالتا كوچىدىن يانغاندا» ناملىق ھىكايىدا فېوداللىق ئەخلاق تەسىرىدە يامان يولغا كىرىپ قالغان شەھەر قىزى قۇربانىسانىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىدە ئويغىنىپ ئىستىقباللىق تۇرمۇشقا قايتىپ كەلگەنلىك جەريانىنى كونكرېت ئوبراز، جانلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن بايان قىلىپ بېرىپ ئىجادىيىتىنىڭ چىنلىق ۋە چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى.

يېزىمىز سەپىدە بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ «كۈرۈچ» ناملىق ھىكايىسى بىلەن كۆرۈنگەن يولداش ئەھەت تۇردى «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتكە باھار كەلدى»، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ» قاتارلىق ھىكايىلىرى بىلەن يېزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ ماسلاشتى. ئۇ ئۆز تەقدىرىنى يېزىدىن ئىبارەت بىپايان زېمىنگە مەھكەم باغلاپ دېھقانلارنىڭ ئۆز كىشىسىگە ئايلىنىپ قالغان شەھەر قىزى گۈلباھارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» ناملىق ھىكايىسىدا تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ تېمىنى ئوبرازلىق تىل، جانلىق خاراكتېرلار ئارقىلىق ئېچىپ بېرىشكە ھەركەت قىلىپ كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئىگە بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئابلىمىت سابىر، توختاخۇن ناسىر، ھېلىم موللايوپ، قاھار جېلىل، ئەخەت ھاشىم، ئېزىز ساۋۇت قاتارلىق بىر مۇنچە يولداشلار يېزا ئىجادىيىتى ساھەسىدە خېلى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلغان بىر مۇنچە ھىكايە ۋە سەنئەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا يېزىمىز بۇ يىللاردا ۋاقىتلىق چېكىنىش ۋەزىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزگەرتىپ يېڭىچە ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا كىردى. ئىنقىلاۋىي سىياسى مەزمۇن بىلەن مۇمكىن قەدەر مۇكەممەل بەدىئى شەكىلنىڭ بىرلىككە ئىنتىلىش كەيپىياتى ئاپتورلىرىمىز ئىچىدە ئومۇملاشتى. ئىجادىيەت سەپى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كېڭىيىپ، مۇقىم ۋە تۇراقلىق يېزا ئىجادىيەت قوشۇنى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ يېزىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر كاپالىتى ئىدى.

* *

پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى باشلىنىش بىلەن تەڭلا پارتىيىگە قارشى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» لىن بياۋنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «پۈتۈن ئارمىيە ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»دە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىر قاتار ئەكسىيەتچى نۇقتىئىنەزەر-

لەرنىڭ راۋاجى بولغان «ئەدەبىيات - سەنئەت قارا لۇشيەن دىكتاتۇرىسى» دېگەن بىر نەرسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ئىسلى كۆرۈلمىگەن زور بالايى - ئاپەتكە ئۇچراتتى. ئۇلار سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىر يوللا ئىنكار قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەربىيىسى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلىرىمىزغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى. خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلاۋىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇلار تەرىپىدىن «پانتۈركىست»، «گومىنداڭچى ئۇنسۇر» قىلىپ قويۇلدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە زور تۆھپە قوشقان شائىر نىم شېھىت «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ شەپقەتسىز زەربىسى ئاستىدا قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بىر قىسىم ۋەكىللىرى ھەر خىل جىنايى بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىن تازىلىۋېتىلدى ياكى ئۇزۇنغىچە يېزىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. شائىر نىم شېھىتنىڭ «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» ناملىق شېئىرى رومانى، يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ رومان ۋە كىنو سېنارىيىلىرى، شائىر ۋە پروزائىك تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۇيغۇر دىخانلىرىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئەھۋالى بايان قىلىنغان «قەشقەر قىسسى» ناملىق رومانى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى «ئۇنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى» پوۋېستى شۇنداقلا يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ 1966 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن «ئالتۇن بولاق» ناملىق پوۋېستى ئۇلارنىڭ جىنايى دەلىللىرى ھاۋادا تارتىۋېلىنىدى ياكى يوقىتىۋېتىلدى. قىسقىسى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقى بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەدەبىياتىمىزنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭىدىن گۈللەپ ياشنىشىنى كاپالەتلەندۈردى. بىزنىڭ كەڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ھەر خىل سەپسەتىلىرىنى قاتتىق پاش قىلىپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىسلى كۆرۈلمىگەن قىزغىنلىق بىلەن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئاتلاندى. ئۇلار ئىدىيىسىنى ئازات قىلىپ، ھاياتىمىزنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئىنقىلاۋىي ئىلمىي نۇقتىنەزەر بويىچە كۆزىتىپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى باھالاش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتىكى ھەقىقىي رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرەش قاينىمى ئىچىدە يېتىلگەن جانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ چەكلەنگەن رايونلىرىغا دادىل بۆسۈپ كىرىپ، تېمىدا كەڭلىك ۋە كۆپ خىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلەيدىغان زۆرۈر تېمىلارنى، خەلق يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بەزى ئالاھىدە مەسىلىلەرنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى. پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئوبيېكتىپلىق، چىنلىق، ئوبرازچانلىقتىن ئىبارەت بۇ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى ئەدەبىياتىمىزدا تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

پروزىمىزنىڭ بۇ دەۋردىكى تەرەققىياتىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا

تېزەك بولدى دېيىشكە بولىدۇ. پىروزىمىز ھېكايە ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى چەكلىمىدىن قۇتۇلۇپ رومان، پوۋېستقا ئوخشاش. يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە قاراپ يۈزلەندى. ھاياتىمىزدىكى چوڭ ۋە ئالاھىدە ۋەقەلەر، خەلقىمىزنىڭ ھەر خىل تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۆزىگە خاس تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرى پىروزىمىزدا بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپتى.

يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ يىللاردا ئالاھىدە بۇرۇلۇش يۈز بەردى. ئۇ بەدىئىي غايىۋى تەرەپتىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئىلگىرىلەپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ يېڭى پەللىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ «ئايخاننىڭ يېڭى ھېكايىسى»، «مۇسا تاغامنى ئەسلەيمەن»، «ئارزۇلار يولىدا»، «پارتىيە ئوغۇلى»، «قۇتلۇق يالداما»، «گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر» قاتارلىق 15 پارچىدىن ئوشۇق ھېكايە ۋە ئوچېرك يازغاندىن باشقا سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش تېمىسىغا بېغىشلانغان «قىزىل تاغ ئېتىكىدە» ناملىق يىرىك ئەسەرىنى ئېلان قىلىپ، پىروزىمىزدا بىرىنچى بولۇپ رومانچىلىق ئىجادىيىتىگە يول ئېچىپ بەردى. يولداش قەييۇم تۇردى كېيىنكى يىللاردا، تېخىمۇ زور ئىجادىي غەيرەتكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىي چېنىقىشى ۋە كۆپ تەرەپلىمە جاپالىق ئىزلىنىشلىرى ئارقىلىق توپلىغان مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، خەلقىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار يولىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان «كۆرەشچان يىللار» ناملىق ئۈچ توملۇق رومانىنى يېزىشنى باشلىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىككى تومى بولغان «تاڭ ئالدىدا» ۋە «زەرەپشان ئۈستىدە نۇر» كىتابخانلار بىلەن رەسمىي يۈز كۆرۈشتى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۇنجى يىرىك تېرىلوگىيىسى غەلىبىلىك دۇنياغا كەلدى:

يازغۇچى زوردۇن سابىر پىروزىمىزدا ئۆزىگە خاس ئىجادىي يول بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى»، «تاغ كەينىدىكە ئۆتكىچە»، «تۆمۈپە» ناملىق دەسلەپكى ھېكايىلىرىدىلا ئىدىيىنى جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئېچىپ بېرىشتە خېلى ئوبدان نەتىجىگە ئېرىشىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان «ئەپۇ»، «دولان ياشلىرى»، «قەرزدار»، «غەزىنە»، «قوبۇلخانىدا»، «خوشنا» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا تېمىدىكى چەكلەنگەن رايونلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىپ، رېئال تۇرمۇشتىكى خەلق تەقەززا بولۇپ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ پىروزىمىزنىڭ ھاياتىلىقىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتەردى. يېقىندا ئۇنىڭ ئىلى دېھقانلىرىنىڭ 60- يىللاردىكى كۆرەش ھاياتىغا بېغىشلانغان تۇنجى رومانى «ئابرال شاماللىرى» كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن ياش يازغۇچى ئەھەت تۇردى بۇ يىللار ئىچىدە ئېلان قىلىنغان «مەرغابا باغۋەن»، «غىلغايلىق كىشى»، «بەش مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا»، «گۈلخان»، «ئۇ يولۋاستىن چۆشتى» قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋە جامائەتچىلىك بىلەن يېقىندا يۈز كۆرۈشكەن «قىيانلىق دەريا» ناملىق تۇنجى پوۋېستى بىلەن ئۆزىنىڭ يېڭى ئىجادىي پەللىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ «غىلغايلىق كىشى»، «گۈلخان» ھېكايىلىرى تەسۋىرىنىڭ ئىنچىكىلىكى ۋە تىلىنىڭ ئوبرازلىق ۋە جانلىقلىقى بىلەن يولداش ئەھەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان بىر مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ قالدى،

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يىللار ئىچىدە يەنە يولداش مالىك كىۋىر ئىندىۋىدال خاراكتىرلىك بەدىئىي ئوبرازلارغا ئىگە «مەشئەل»، «ئۆزگىرىش»، «يېزىدىكى ئادەملەر»، «تاڭ ئالدىدىكى ئۈچقۇنلار»، «باي بولۇش» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن يولداش قاھار جېلىل ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلغان «مول ھوسۇل» «پەرۋاز قىل قىران بۈركۈت»، «گىلەمچىنىڭ قەلبى»، «ئاچالىدا»، «ئادەملەر»، «چەۋەنداز»، «يېڭى سەپكە كىرگەندە» قاتارلىق ئەسەرلىرى، يولداش ئابلىمىت سابىر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان «سەيداشلار»، «باھاردىن كېيىن»، «قوشماقلار» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن يولداش ئېزىز ساۋۇت پىششىق تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە بولغان «ئو-غۇت تەقسىم قىلىدىغان جايدا»، «پىداكارلىق»، «چاقمانجان»، «ئىستىقبال» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن، يولداش ئەخەت ھاشىم جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان «ياۋا سادىق»، «بوز-غۇنچى»، «دەۋر ئۆزگەردى»، «بۇدۇنە بىلەن سېغىزخان»، «بىر تاغار بۇغداينىڭ ھېكايىسى» قا-تارلىق ھېكايە ۋە ئىجادىي چۆچەكلىرى بىلەن شۇنىڭدەك شەرىپىدىن ئۆمەر، سەمەت دوگايلى، مە-ھەممەت شانىياز، ھېمىت مەخسۇت، ئابلىمىت ھاجى، ھېلىمنىياز قادىر، ئابدۇراخمان قاھار، تۇرسۇن مىرزا، ئابلا ئەخمىدى، ئايشەم ئەخمەت، تۇرسۇن لېتىپ قاتارلىق يولداشلار كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بىر قىسىم ھېكايىلىرى بىلەن پىروزىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا بەلگىلىك ھەس-سە قوشتى.

كىشىنى ئالاھىدە خوشال قىلىدىغان شۇكى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن يېڭى سەنئەت باھارى، بىزنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقان سوتسىيالىستىك پىروزا بېغىمىزدا ئۆزىگە خاس رەڭ ۋە پۇراققا ئىگە بىر مۇنچە يېڭى گۈللەرنى ئېچىلدۇردى. دەۋر تەلىۋىنىڭ ياڭراق ساداسى ئىچىدە تۇرمۇشقا كۆز ئاچقان ئالاھىدە بەدىئىي دېتقا ئىگە بىر گۇرۇپپا يېڭى ئاپتورلار پىروزا ئىجادىيەت قوشۇنىمىزغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار پىروزىمىزنىڭ ھەرقانداق ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ بېسىمىدىن خالىي، ئىجات قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا جۈرئەتلىك يېڭى ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن پىروزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ ھەسسە قوشماقتا. مەھەممەت لېتىپ، مەمتىمىن شېپە، سۇلتان ھاشىم، مەمتىمىن ھوشۇر، قادىر ئارىس-لان، مەھەممەت زوزى، خالىدىن ساتتار، توختى ئايۇپ، ئابدۇراخمان ئەبەي، جالالىدىن بەھرام، مەھەممەت باغراش، ياسىن مۇخپۇل، ماخمۇت مۇھەممەت، كېرەم زوزى، ئەخمەت ئىمىن، ئابدۇكې-رىم ھاشىم، ئابدۇرشىت قادىر، تۇرسۇنئاي يۇنۇس قاتارلىق يولداشلارنى ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆ-رۈنگەن ۋەكىللىرى دېيىش كېرەك. بۇ يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ پروزا ئىجادىيىتىگە قەدەم قويغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغىنىغا قارىماي ئىدىيە ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن خېلى ئوبدان سەۋىيىگە ئىگە بولغان بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى ياراتتى. يولداش مەھەممەت لېتىپنىڭ ئارمىيە تۇرمۇشى ۋە ئارمىيە خەلق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئاخىرقى پوست»، «لېيفېڭ ئىزىدىن»، «نۇرلۇق ئىز»، «چىن دوستلۇق»، «شەرەپلىك مەجبۇرىيەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى يولداش مەمتىمىن شېپەنىڭ «ئورمانچى»، «چاقماق يايلىغىدا»، «يېڭى باشلىق» ناملىق ھېكايىلىرى، يولداش سۇلتان ھاشىم ۋە خالىدىن ساتتارلارنىڭ ئىشچىلار تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى جاپا-لىق كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن «نۇرگۈل»، «غەزەپ ئۆرلىمەكتە»، «سىرلىق كېچىلەر»، «سادىق دوستلار»، «ئىنتىلىش»، «بوراندىكى بۈركۈت»، «كوچەتلەر مۇڭىغا كىردى»، «ئۇستاز» قاتارلىق

ھېكايىلىرى، يولداش مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بەدىئىي مۇكەممەللىك ۋە ئوبراز روشەنلىكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان «سىناش»، «نەي ئاۋازى»، «ئۇستام»، «ئىككى پارچە خەت»، «يىراقتىن خەت» «كونا - يېڭى ئىشلار» قاتارلىق ھېكايىلىرى، يولداش قادىر ئارسلاننىڭ «يېڭى پەللە ئۈچۈن»، «توختى سەپرا»، «تىترىگەن ئاۋاز»، «داغ»، «دوستۇمنىڭ خوشاللىقى» ناملىق ھېكايىلىرى، يولداش مەھەممەت روزىنىڭ «گۈل چېچەككە پۈركەنگەن قەۋرە»، «ھىزىر خاننىڭ ئۆلۈمى»، «تاغ قىزى»، «ۋىجدان سوتىدا» ناملىق ھېكايىلىرى، يولداش توختى ئايۇپنىڭ «قاراۋۇل»، «ۋىسال سەھىرى»، «ئوتتۇنچىنىڭ قىزى»، «غاز» ناملىق ھېكايىلىرى، يولداش ئابدۇراخمان ئەبەيىنىڭ «دەرت - ئەلەم»، «ئوگەي ئانا»، «ئۇلارمۇ ئاتا - ئانا بولار»، قاتارلىق ھېكايىلىرى، يولداش جالالىددىن بەھرامىنىڭ «بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى»، «ھارۋىكەش»، «500 يۈەنلىك چاقچاق»، «تويدا» قاتارلىق ھېكايىلىرى، يولداش مەھەممەت باغراشنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرلار بىلەن جانلىنىپ تۇرىدىغان «سەپداش»، «ساۋاپ»، «ھايات ھەققىدە ناخشا»، «رىسقى» قاتارلىق ھېكايىلىرى، يولداش ياسىن مۇخپۇلنىڭ «غايە يولىدا»، «پۇشايمان»، «قارانچۇق» قاتارلىق ھېكايىلىرى، يولداش ئەخمەت ئىمىننىڭ «قەلب سادالىرى» سەنۇنلەر سىكىللىك، يولداش تۇرسۇنئاي يونۇسنىڭ «چولپاننىڭ تويى»، «ساداقەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىتاپخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزىدىن بۇيان قولغا قەلەم ئالماي كەلگەن خېۋىر تۆمۈر، ئابلا تالىپ قاتارلىق پىشقەدەم ئاپتورلار يېڭى دەۋردىن روھلىنىپ، يېڭى ئىجادىي غەيرەتكە كېلىپ، تارىخىي تېمىدىكى «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «قايىنام ئۆركىشى» «قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ، پىروزىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشتى.

پىروزىمىزنىڭ بۇ دەۋردىكى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى پىروزىمىز ئەدەبىي - غايىۋى تەرەپتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆسۈپ، روشەن خاراكتېرغا ئىگە مۇكەممەل بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشقا باشلىدى. پىروزانىڭ ھەممە بەدىئىي شەكىللىرى يەنى رومان، پوۋېست، ھېكايە، سەنۇن، فېليەتون، ئوچېرك، بەدىئىي خاتىرە، تەرجىمھال ئەدەبىياتى، ئىجادىي نەسىرى چۆچەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پىروزا ئىجادىيىتىمىزدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، تېما دائىرىسى كېڭىيىپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخى ئېچىلمىغان بىر مۇنچە تەرەپلىرىنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى. قۇرۇقلۇق ۋە بوشلۇقتىن دەسلەپكى قەدەمدە قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي ھالدا ھايات رىياللىقىغا يۈزلەندى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» كەلتۈرگەن دەھشەتلىك بالايى - ئاپەتلەر بىلەن ئۇلار قالدۇرغان مەنىۋى جاراھەتلەر خېلى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلىپ، خەلقىمىزنىڭ روھى قىياپىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. پىروزا ئىجادىيىتى بۇرۇنقى ساناقلىق ئاپتورلار دائىرىسىدىن چىقىپ يۈزلىگەن يېڭى ئاپتورلار ئىچىدە ئومۇملاشتى. بۇ ھال كەڭ كىتاپخانلارنى پىروزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ يۈكسىلىپ، خەلقىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىدىكى جەڭگىۋار ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ چىقالايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەندۈردى.

# ئالغا باس تۇرپان

دىلمۇرات زۇنۇن

تۇرپان مېنىڭ ئانا يۇرتۇم قۇيىنى گۈلۈستان،
باغلىرىدا ئالما ئۈزۈم شاپتۇللار پىشقان،
ئاق كۆڭۈل ھەم مېھماندوس خەلقىدۇر ئىشچان،
پەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىشتە ھارماس تىرىشچان،
تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ-تاۋلىنىپ چىققان.

قارا ئۆتمۈش يىللىرىدا بۇ يۇرتتا قان - ياش،
نالە - پەرياد قىلىشقانتى ھەممە قېرى - ياش،
مۇمكىنچىلىك بولمىغاچقا تۇرمۇش ھەم ياشاش،
زالىملارنىڭ ئىشى ئىدى ئاجىزنى ساۋاش،
قوساق تويماي كۈنى ئۆتكەن تۇرمۇشى يامان.

يۇرتتا بوران ھەم شىۋىرغان ھۇۋلىغان چاغدا،
ئېتىزلارنى قۇم بېسىپ خەق قالسا ئاچلىقتا،
بىخىرامان ياتار زالىم يۇمشاق كارۋاتتا،
ئىشلەر خەلق جاپا چېكىپ كۈندە ئېتىزدا،
لېكىن شۇنداق ئىشلىسىمۇ كۆرمەس پارچە نان.

ئاغدۇرۇلغاچ زۇلمەت تېغى ئۆزگۈرۈپ بۇگۈن،
ئىشچان خەلق خوشاللىقتا چۆمۈپ بۇگۈن،
ئاشلىق پاختا مايلىق دانغا كۆمۈلۈپ بۇگۈن،
يېڭى سەپكە ئاتلاندى قەد كۆتۈرۈپ بۇگۈن،
كومپارتىيەم يولباشچى بولغاچقا غەمغان.

رەتلىك قىلىپ سېلىنماقتا دېخان ئۆيلىرى،
سالالاشتى پىلانلىنىپ ئېتىز قىرلىرى،
پۈركەلدى ساپ يېشىللىققا بىنەم چۆللىرى،
يايلاقلاردا ئوينىقلىشىپ ئوتلار قويلىرى،
قۇچاق ئاچقاچ بۇ دىيارغا يېڭى بىر دەۋران.

ئەنە قاراڭ ھەممە يەرنى شاتلىق قاپلىدى.
تۇرپان خەلقى دادىل ئالغا قاراپ چامدىدى،
ھالال تەردىن ھوسۇل ئېلىپ ياغلار چايندى،
مول - ھوسۇلنىڭ ناخشىلىرى تازا ياڭرىدى،
پارتىيىنى كۈيلەپ خەلق بولدى غەزەلخان.

ئالغا باسقىن گۈزەل يۇرتۇم قاراپ نىشانغا،
پارتىيىمىز يەتكۈزىدۇ سېنى ۋىسالغا،
غالىپ قەدەم تاشلىغىن يەتكىن ئىقبالغا،
شۇندا سېنى كۈيلەي يۇرتۇم تولۇپ ئىلھامغا،
تەرىپىڭنى قېتىپ كۈيگە يازاي مەن داستان.

# تورغاي خىيالى

## قادىر ھېكىم

كەڭ زېمىن رەڭدار گۈل، شۇنچە يېقىملىق،
نەغمىچى قۇشلارنىڭ مۇقام نەغمىسى.
تەبىئەت دالاغا قېپتۇ سېخىلىق،
بۇ نەغمە ئۈزۈلمەس يازۇ ھەم قىشى.

شۇ قۇشلار تۈركۈمى ئىچىرە يىگانە،
بىر قۇش بار كۆرۈمسىز، ھالى تەكەببۇر.
بېشىدا تاجىسى يۈرەر شاھانە،
يوق لېكىن تۇرقىغا مۇناسىپ غورۇر.

ئۇ پەقەت كۆچمەنچى قۇشلاردىن ئەمەس،
ئۆتكۈزەر ئۆمرىنى قىش - ياز دالادا.
ئويۇنغا كەلگەندە تۈگمەس ھەۋەس،
قىشلىقى ئۇۋىسىز قالۇر تالادا.

كەتاپخان بىلدىڭىز، بۇ دەل «تورغايجان»،
دېيەرمىش ماختىنىپ: «قۇشلار شاھى مەن».

نەغمىدە ئۆتەلمەس مەندىن بۇلبۇلجان،
مېنىڭسىز غېرىپتۇر دالايۇ - چىمەن.

نىھايەت ئۇ ھەرۋاخ تەييار بەزمىدە،
ئويناپدۇ ئالتە ئاي - يازىچە كۈلۈپ.
زىمىستان، بىچارە قامقاق تۈۋىدە،
ياتىدۇ دۈگدىيىپ خىياللار سۈرۈپ:

«جۈت سوغاق نەشتىرى ئۆتتى جىنىمدىن،
يوقتۇر ھىچ ئامالىم، ئەمدى نەقىلاي؟!
خەيرىدىيەت كەتمىسە بۇ جان تېنىمدىن،
كېلەر ياز ھەشەمەت بىر ئوردا سالاي.»

قىش كېتىپ كېلىدۇ نەۋ باھار، گۈل ياز،
تورغايجان بەخۇدۇك ئويناپدۇ سىجىل.
ئويلاركەن: ياز ئۆتسە كېلەر يەنە ياز،
قېنى ئۇ قىشتىكى ئالتۇندەك ئەقىل؟!

پەسىللەر ئالمىشىپ ئۆتەر ساناقسىز،
تۈگىمەس «كېلەر ياز ...»- دېگەن قۇرۇق گەپ.
شۇ سەۋەپ تەقدىرى ئۇۋا - ماكانسىز،
ئۆتمەدۇ بىر ئۆمۈر پۇشايمانلا يەپ.

بىكارغا يازمىدىم، تورغايغا تەقلىد،
بىر قىسمەن ياشلارنىڭ خۇيى - مىجەزى.
قىلمىشى «ئۇلۇغۋار پىلان»غا زىت،
ھىچ باشقا چىقمايدۇ قەسەمخور لەۋزى.

خىجىللىق ئورنىغا دەيدۇ تېپىمقاي:
«زامانەم قۇچىغى بىزگە كەڭتاشا.
ياشلىقىم - شاھلىقىم، ئويى - دوڭگە چاپاي،
ئۆلۈمدىن باشقىسى ماڭا تاماشا».

قەلبىدە چاقنىغان گۈزەل ئۈمىتلەر،
تاماشا كارىدىن يوقايدۇ تۈگەل.
چىمۋىندەك جېنىغا تېرىسىپ غەلۋىلەر،
پېيەنچۈك - نام ئاپتۇ ئاشۇ لايغەزەل.

ئوكىمدا - چۈشىدە ئۇنىڭ مەيخانە،
بىر تىيىن تاپسىلا ئىچمىدۇ شاراپ.
يېنىدا ئۈكسىمەس چىلىم - سەيخانە،
ياش گۈلى سولۇشۇپ بولماقتا خاراپ.

ۋادەرىخ، خىتاۋىم شۇ نادان ياشقا:
«ياشلىقىڭ - ئىجتىھات دەۋرىڭ بىل، ئۆگەن!
تېتىقسىز ھەۋەسلەر تاشلايدۇ سايغا،
بەس، سالغىن «خۇمار»نىڭ بويىنىغا يۈگەن.

لاپ ئېتمىش ۋىجدانغا ئارتۇق ئۆلۈمدىن،
بۈگۈنكى ئىشىڭنى قويما ئەتىگە.
ئىلمىنىڭ شەربىتىن ئىچكىن، قانغىن،
سىز گۈزەل رەسىملەر ئۆمرۈڭ بېتىگە.

شۇندىلا يۈرمەيسەن نادامەت چېكىپ،
كۆلىدۇ ياشلىقىڭ — ئاچىدۇ چېچەك.
بۇ ئۇزۇن سەپەردە داۋانلار ئېشىپ،
يېتىسەن ئىقبالغا، پارلاق كېلەچەك.»

## پارچىلار

### ياقۇپجان ئۆمەرى

نەزىلەر يۈرۈيدۇ ئابروي تالىشىپ،
ھەر دوخمۇش، بۇلۇڭدا ئىغىز يالىشىپ.
تالىشىپ يۈرگەندە ئابروي تىككەنمەس،
تۆھپىدە تاغ ياسا يۈرمە مارىشىپ.

* *

دۇنيادا كەلگىنى ھامان تۈگەيدۇ،
كەتكىنى ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ.
ئالىمنىڭ ياندۇرغان «ئىجات چىرىغى»،
مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ھەرگىز ئۆچمەيدۇ.

* *

مەغرۇرلۇق خاھىشقا قويىمىغىن ئورۇن،
ئۇ، دېمەك كىشىنى قىلىدۇ خورۇن.
مەغرۇرلۇق قاناتەت خەتەرلىك ئىللەت،
ئۇنىڭغا قەلبىڭدە تۈزۈمە سورۇن.

* *

ھارام يېمە كۆپچىلىكنىڭ ھەققىنى،
بىلمەمدىكەن دېمە جاھان ئەھلىنى.
قولنى يىغماي شارائىتىم بار دېسەڭ،
بىلىپ قويغىن: ساڭا ئاپەت يەتكىنى.

* *

بايلىق، مولۇك قالسۇن دېمەك ئوغلۇڭغا.
بىلىم بىلەن ھۈنەر ئۈگەت ئۇنىڭغا.
پۇلمۇ تۈگەپ بالاڭ قالۇر تەمتىرەپ،
ئۇنچىۋالا ئىشەنمىگىن پۇلۇڭغا.

## پارچىلار

**ئابدۇللا رشىت**

ھاياتىم بولسا بىر شەرۋەتلىك بۇلاق،
ئاقسام مەن ئۇنى دەپ توختىماي ھەرۋاق.
تەشنالار سەپەردە سۇيۇمنى ئىچسە،
مەڭگۈگە رازىمەن بولسامۇ تۇپراق.

* *

ئۆتسىمۇ تەبىئەت باھارى تىزلا،
غۇنچىدەك ياشلىقنىڭ ئۆتمىسۇن بوشلا.
ۋاقىتنى ئالتۇندەك يەتمىسەڭ تۇتۇپ،
ئېچىلماس ھاياتلىق گۇللىرى ئەسلا.

* *

خەلقىمگە ھەقىقى ئىشلەيمەن دىسەڭ،
ۋىجدانسىز سۆز - ھەركەت قىلمىغىن ئەبەت.
ئەل - يۇرتنى ئۆزەڭدىن بىلمىسەڭ ئەۋزەل،
ئابرويۇڭ غازاڭدەك تۆكۈلەر پەقەت.

* *

بىلىمگە سەردىپ قىل ۋاقىتنى كۈندە،
مەنىسىز خىيالنى تاشلىغىن تۈندە.
ئەجرىڭدىن زەپەرنىڭ گۇلى چاقنىسۇن،
بىلىمگە ئۆزەڭنى داۋاملىق ئۈندە.

* *

سۆزۈڭگە ھەر ۋاقىت بولمىساڭ ئىگە،
بېشىڭنى ئاغرىتقان تاش بولۇپ تىگەر.
سۆزۈڭنى ئىشلەتكىن جايىدا قىلىپ،
ئىشلەتسەڭ ئورۇنسىز تىلىڭنى چىگەر.

* *

كۈندىلىك ئىشىڭنى خۇلاسە قىپ كۆر،
مەنىسىز بولغاننى يىرگىنىپ - سەن، چۆر.
تامچىدىن كۆل ياساش ئىرادەڭ بولسا،
ھورۇنلۇق تىمىنى جەرئەت قىلىپ ئۆر.

* *

ھاياتلىق گۇلۇمدىن ئېچىلسا غۇنچە،
خەلقىمگە ئاتايمەن تەقدىم قىپ شۇنچە.
ئىلىم - پەن بېغىدىن سۇ ئىچىپ ھارماي،
چاچسام - مەن ئەجرىمدىن مەرۋايىت ئۈنچە.

---

(بېشى 110- بەتتە)

توغرا يول مۇنداق بولىدۇ: ئەجداتلىرىڭىز ئىشلىگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىسىز، ئاندىن ئالغا قاراپ ماڭىسىز.

× ×

ئاددى بولۇش گۈزەللىكنىڭ زۆرۈر شەرتى.

× ×

ئىخچام بولۇش بايانىنى ھەممە ئىنتايىن قىزىقارلىق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كىتاپخانىلارنىڭ ئاڭلىغىنى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالسا، ئۇلار بايانغا دىققەت قىلمايدۇ.

× ×

مۇجمەل، ئۇزۇن، مۇۋاپىق بولمىغان بارلىق تەرەپلەرنى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىنى رازى قىلالمايدىغان بارلىق تەرەپلەرنى قىسقارتىۋېتىش لازىم. چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن ھېچنىمىگە يەرزىمەيدۇ.

(«ھېكمەتلىك سۆزلەر» دىگەن كىتاپ ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن چىقىدىغان «ياشلار ژورنىلى» دىن تېرىپ تەرجىمە قىلىندى)

**پەرھات سەيىت**

# ئېچىنارلىق ئاقىۋەت

(ھېكايە)

مەھەممەت سەمەت

— يائاللا، نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق - ھە! تونىڭ ئىچىدە تۇرغان كىمدۇ بىرى تۇيۇقسىزلا ۋاقىردۇۋەتتى.

كەڭ ئۇستەڭنىڭ ياقىسىدىكى يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى چىۋىقچە تېرىكىدا «ئازات» ماركىلىق بىر ئاپتوموبىل چاقى ئاسمانغا يولۇپ، كومتۇرۇلگەن ھالدا ياتاتتى، ئۇنىڭ چۆرىسىگە توپلانغان ئادەملەر ئۇلۇشۇۋالغان بولۇپ، كەينىدىن كەلگەنلەر ئالدىدا كەلگەنلەردىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىشاتتى. شۇچاغدا ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئالدىغا ئۆتكەن ياشقىنە بىر يىگىت:

— ھوي، بۇ بىزنىڭ ئەترەتنىڭ ماشىنىسىغۇ — دېدى چۆچۈگەن ھالدا.

— ئەترىتىڭلارنىڭ ماشىنىسىنى كىم ھەيدەيتتى؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغان ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم.

— كىم بولاتتى، بىزنىڭ شۇجىنىڭ ئوغلىچۇ. بىر تال گايكىنى بۇشۇتۇشنى ئۇقمايدۇ. رول تۇتۇۋالسا ئۇنىڭچە ئادەم يوق. ئاخىرى ئۆزىنىڭ بېشىنى ئۆزى يەپتۇ - دە. ھەممىسى ئاشۇ ئاتىسىنىڭ كاساپىتى. ئوغلۇم ماشىنىنى ھەيدىمىسە بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، بۇنداق ئىشمۇ بولماس ئىدى.

— ھەي، شۇجىنىڭ بالىسى بولغاندىكىن ئۇقتىمىز بولىدۇ - دە، بويىدا ئۇقتا بولمىسا بېشى قايغان تەرەپكە مېڭىپ، ئاخىرى مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ — دېدى ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى ئادەم خورسىنغان ھالدا ماشىنىغا قاراپ.

— ئۆلتۈرگەمدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداغراقكەن؟

— تېخى تەپسىلى ئۇقمىدۇق. ئاڭلىساق ئىككى بالىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى قىزدەكمىش.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! بۇ ئىشنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى بەلكىم بىلگىڭىز كېلىۋاتىدىغاندۇ. بۇ ۋاقە ئەسلىدە مۇنداق بولغان ئىدى:

تۈنۈگۈن كەچتە ئاسىم شۇجىنىڭ ئوغلى ئەسقەر خوشنىسىنىڭ قىزى ئايشەمنى كىيىنگىدە ئولتۇرغۇزۇپ، خوشنا دادۇيدىكى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باردى. ئۇلار ئاغىنىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ماشىنىنى توختۇتۇپ كىرىنگىدىن چۈشكەندە، ساھىپخان بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئۆينىڭ ئىچى قىز - يىگىتلەر بىلەن تولۇپ، ئويۇن - تاماشا قىزىپ كەتكەن ئىدى.

ئەسقەر بىلەن ئايشەم ئۆيگە كىرىشكە ھەممىسى ئويۇنىنى توختىتىپ، بۇ يېڭى كەلگەن مېھمانلارنى تۆرگە تەكلىپ قىلىشتى. بۇلار تۆرىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن يەنە ئويۇن قىزىپ كەتتى. دۇتار چېلىۋاتقان يىگىت ئاۋازىنىڭ بېرىچە ناخشا ئېيتاتتى:

ئاسماندىكى ئايمەن،
كۆڭۈلدىكى يايرىمەن.
سۆزلىرىمنىڭ ئەجەپ شېرىن،
گۈل يۈزلۈك نىگارىمەن...

ئۇسۇل ئوينالماقتا. ناخشا بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا. ياشلارنىڭ كەيپى ئۈستۈن ئىدى. بىرپەس ئۇسۇلدىن كېيىن داستىخان سېلىندى. داستىخاندىن كېيىن خىلمۇ - خىل سەيلەر بىلەن «ئىلى داچۇي» قاتارلىق هاراقلار كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ساھىپخان بىرىنچى بولۇپ سۆز ئاچتى:

— قەدىرلىك مېھمانلار، بۈگۈن ئاخشامقى ئولتۇرۇشىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. قېنى، داستىخىنىم تازا مول بولمىسىمۇ، كەڭ - كۇشادە ئولتۇرايلى.

رومكىلار بېلىق كۆزى بولۇپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەسقەر تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي خۇددى ئاچ قالغان ئىت ئۇستىخانغا تاشلانغاندەك ئەسەبىلەرچە ئىچەتتى. بىر قارايلا ئۇنىڭ بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا كۆپ قاتنىشىشقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ سەل ئورۇقراق كەلگەن ۋىجىككىنە بالا بولۇپ، يېشى ئەمدىلا ئون توققۇزدا ئىدى. ئۇنىڭ مۇنداق هاراق ئىچىشىدىن هەيران قالغان بىر ياش يىگىت:

— ئەسقەر، هاراقنى قالتىس ئىچىدىكەنسەن جۇمۇ دەپ قويدى.

— نەدىكىنى — دېدى ئەسقەر مەغرورانە قىياپەتتە — ئەمدى ئۆگىنىۋاتىمەن تېخى.

هاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئويۇن يەنە قىزىپ كەتتى. ئەسقەر بىلەن ئايشەم ئۇسۇلغا چۈشتى. لېكىن بۇلارنىڭ ئوينىغان ئۇسۇلى ئىنتايىن مەزىسىز بولۇپ، كەلمە - كەلمەس ئوينايتتى.

ئويۇن شۇ تەرىقىدە تاكى تۈن نىسپىگىچە داۋام قىلغاندىن كېيىن مېھمانلار تارقىلىشتى.

بۇ چاغدا هاراق ئەسقەرنى خېلىلا كەيپ قىلغان ئىدى. ئۇ دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، ساھىپخان ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ:

— ئەسقەر، مۇشۇ هالىتىڭ بىلەن ماشىنا هەيدەپ ئۆيۈڭلارغا كېتەلمەيسەن. بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ ئەتە كەتسەڭ — دېدى.

— هېچ... قىسى يوق. مەن... مەن كە... تەلەيمەن... — دېدى - دە، ئەسقەر ساھىپخاننىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ ماشىنىغا چىقتى، ئايشەم ئەسقەرنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئارىسالدى بولۇپ، ئاستا كەينىگە چىقىپ ئولتۇردى. ماشىنا مېڭىشقا باشلىدى. يولدا كېتىۋېتىپ ئەسقەرنىڭ كۆڭلى ئاينىپ، بېشى قېيىشقا باشلىدى، ئۇ ئۆيىگە بالدۇرراق بېرىۋالاي، دېدىمىكىن، ماشىنىنى بارغانسېرى ئىتتىكلەتتى. ماشىنا ئىتتىكلىگەنسېرى، شۇنچە كەڭ يولمۇ تارلىق قىلاتتى. شۇ چاغدا ئايشەم ئەنسىزلىك بىلەن:

— ئەسقەر، قاراپ هەيدەڭ، مېڭىشىڭىز ئەجەپ باشقىچىغۇ — دېدى.

— چا... تاق يوق، ئا... ئايشەم، چا... تاق يوق. مەن... مەنلا بو... لسام هە... هېچقا... نداق چا... تاق چى... قمايدۇ... — دېدى ئەسقەر ئايشەمنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ماشىنا يولنىڭ گاه ئۇ تەرىپىگە ئۆتسە گاه بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە مېڭىپ، چوڭ ئۆستەڭنىڭ قېشىغا كەلگەندە، قانداق بولدى، ماشىنا يولدىن چىقىپلا ئۆستەڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئايشەم قورققىنىدىن دالا - تاغىل ۋاقىراشقا باشلىدى. ئەگەر ماشىنا شۇ تەرىقىدە يەنە بىر مىنۇت ئالغا ئىلگىرىلىگەن بولسا، چوڭقۇر ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتەتتى. كۆزنى يۇمۇپ

ئاچقىچە ماشىنا ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى توپا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالدى. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئەسقەر رولنى بار كۈچى بىلەن يول تەرەپكە ئىتتىك بۇرىغان ئىدى، يۇقۇرى سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ماشىنا گۈلدۈرھالاپ ئۆرۈلۈپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ قالدى.

X X

ئەسقەر دوختۇرخانىدا باش ـ كۆزى تېڭىلغان ھالدا ياتاتتى. ئۇنىڭ قېشىدا ئاسىم ئاكا ئولتۇراتتى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، سەل سېمىزراق، 45 ياشلار چامىسىدىكى كىشى بولۇپ ئوغلىغا بىر ھازا قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ماشىنىنى ئەسقەرگە قانداق قىلىپ تۇتقازغانلىقىنى ئەسكە ئالدى:

بۇندىن توت ئاي بۇرۇن، دادۈي ئىشخانىسىدا دادۈي كادىرلىرى يىغىن ئاچتى. يىغىندا يېڭىدىن سېتىۋالغان ماشىنىنى كىمگە ھەيدىتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. شۇچاغدا ئاسىم شۇجى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يولداشلار، ماشىنىنىمۇ سېتىۋالدۇق ئەمما ئۇنى كىم ھەيدەيدۇ، قېنى مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى ـ دېدى.

— مېنىڭچە 1 ـ دۈينىڭ تىراكتورچىسى بىلەن 3 ـ دۈينىڭ تىراكتورچىسى ھەيدىسە قانداق؟ چۈنكى ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى موتور بىلەن ھەپىلىشىپ كەلدى ـ دېدى دادۈي كادىرلىرىدىن بىرى.

بۇ سۆز شۇجىگە ياقمىدىمۇ قانداق، مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— يەنىچۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە ئاممىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويساق بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزى كۆپ، ياخشى شوپۇرنى تاللايدۇ. قىلچىمۇ يۈز ـ خاتىرە قىلمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئامما ياقتۇرغان شوپۇردىن ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ. ئاممىنىڭ كۆڭلىدىمۇ تۈگۈن قالمايدۇ ـ دېدى 1ـ دۈينىڭ دۈيجاڭى.

بۇ سۆز ئاسىم شۇجىنىڭ جېنىغا تەگدىمۇ ئەتىمالىم، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئامما، ئامما، ئاممىلا دەيسىلە، مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئۆزىمىز جۈندىمەي ئاممىغا سالىمىزمۇ، ـ دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

ئاسىم شۇجى ماشىنىنى زادى كىمگە ھەيدەتمەكچى. ئۇنى دېسىمۇ، بۇنى دېسىمۇ ئۇنىمايدۇ. نىمىشقا كۆڭلىدىكىنى ئېيتمايدىغاندۇ. ياكى راس گېپىنى ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتامدۇ ـ يە؟ ئۇنداق ئەمەستۇ. بەلكىم پەيت كۈتۈۋاتقان بولسا كېرەك.

— ئاسىمكا. ئۇنداقتا بۇ ماشىنىنى كىم ھەيدەيدۇ؟ يا سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئەسقەرگە تۇتقۇزىمىزمۇ؟ ـ دېدى دادۈينىڭ بوغالتىرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ سۆز ئاسىم شۇجىنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ماشىنىنى بىرىنچىسىگە مېنىڭ ئوغلۇم ھەيدىسە، ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ يەنە بىرەيلەننى كۆرسەتەڭلار قانداق؟ ـ دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىغىندىكىلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ئەسلىدە شۇجى ئۆز ئوغلىنى ھەيدەتمەكچى ئىكەندە! شۇ چاغدا باياتىدىن بېرى تاماكىنى ئۈستى ـ ئۈستىگە چېكىپ ئولتۇرغان مۇئاۋىن شۇجى ئەسەت سۆز ئالدى: — ئاسىمكا، بۇنداق قىلساق قانداق بولار؟ ئەسقەرنىڭ تېخى رەسمى شوپۇرلىق كىنىشكىسى بولمىسا. مېنىڭچە بىرىنچىسىگە ئامما ياقتۇرىدىغان، رېمونتقىمۇ ئۇستا، ماشىنىنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلارنى بېكىتەيلى، ئاندىن سىلىنىڭ بالىنى شاگىرتلىققا بېرىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىـ

ۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ماشىنىنى قولىغا ئالسىمۇ كېچىكمەيدۇ.

— نېمە؟ ماشىنىنى باشقا بىرسىگە تۇتقۇزۇپ قوي دېمەكچىمۇ؟ بىزنىڭ ئەسقەرنىڭ ئۆگىنىش كېنىشكىسى بار. كېلەر ئايدا رەسمى قىزىل كېنىشكە ئالىدۇ. مەن خىزمەت قىلغىلى 25 يىل بولدى. شۇ چاققىچە بىرەر قېتىممۇ ئۆز نەپسىمگە چوغ تارتىپ باقمىغان ئىدىم. بۇ قېتىم مەن ئوغلۇمغا ماشىنىنى تۇتقۇزىمەن دېدىم، تۇتقۇزىمەن — دېدى ئاسىم شوجى ئاچچىغلىنىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا.

— ئاسىمكا، بۇ ئىشقا بۇنچىۋالا چىڭچىلىپ كەتمىسىلە، مەن سىلىنىڭ بالىنى بولمايدۇ، دېمىدىمغۇ. ئەسقەر تېخى كىچىك. بىر ئاز خام، ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغان بالا. بۇنداق بالىلارغا ماشىنىنى تۇتقۇزۇش تولىمۇ قاراملىق بەكمۇ خەتەرلىك ......

— بولدى - ئاسىمكام ئەسەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — نېمە بولسا بولسۇن، ئەسقەرگە ماشىنىنى بېرىڭلار.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن 19 ياشلىق ئەسقەر ماشىنىغا چىقتى. بۇ ھەقتە ئامىنىنىڭ پىكرى بولسىمۇ، لېكىن ئاسىم شوجى ھېچقايسىسىغا قۇلاق سالماي، ھېچنېمىنى بىلمەس بولۇۋالدى ......

ئاسىم شوجى مانا مۇشۇلارنى ئويلاپ ئېغىر خورسىنىپ، قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە ئوغلىنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئاسىمكا، ئەسقەرنىڭ ئەھۋالى قانداغراق؟ ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟ — دېدى ئىشىكتىن كىرىۋاتقان مۇئاۋىن شوجى ئەسەت.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. ماشىنىنىڭ كېلىمچۇ؟ — دەپ سورىدى بايىتىدىن بېرى ئىشخانىدا خىيال سۈرۈپ ئولتارغان ئاسىم شوجى ئەسەتكە خىجالەت ئارىلاش قاراپ.

— رېمونتچىلار ئىمكانىيەتنىڭ بېرىنچە ئوڭشاۋاتىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر ئاز چىقىم بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئەسەت، — دېدى ئاسىم شوجى مەيۈسلەنگەن ھالدا — مەن ئادىمىنىڭ ئالدىدا، شۇنداقلا سېنىڭ ئالدىڭدا بەكمۇ خىجىل. ئۆتكەندە ئۆزەمنىلا ئويلاپ، سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالماپتىمەن. ھەي!... مۇشۇنداق ئېچىنارلىق ئاقىۋەتنىڭ بولىشىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن.

— ئاسىمكا، ئەمدى بۇ سۆزلەرنى قىلىپ ئۆزىمىزنى ئازابلىمايلى. ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى. بۇندىن كېيىنكى سەپىرىمىزنى توغرا بېسىشىمىز كېرەك.

— توغرا ئېيتىسەن ئەسەت، مەن ئەمدى ئەقلىمگە كېلىۋاتىمەن. بىز داۋۇيدە كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، دېموكراتىك ئاساستا بىر شوپۇر تاللاپ چىقايلى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەتىسى داۋۇي ئىشخانىسىدا كادىرلار يىغىنى ئېچىلدى، ئاسىم شوجى دىمىغىنى يېنىك قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

— يولداشلار، مەن ئۆتكەندە بەكمۇ نادانلىق قىلغان ئىكەنمەن، ئۆز نەپسىمگە چوغ تارتىپ داۋۇينى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتىم. بۇ ھەقتە سىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن. ھازىر ئىككى كىشىنى شوپۇرلىققا كۆرسىتىپ بېرىڭلار. ئۇلار كەسپ ئەھلىدىن بولىشى كېرەك.

كادىرلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ نەچچە ۋاقىتتىن كۆڭلىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۈگۈنلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قىزغىن تالاش - تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار خېلى كۆپ مۇنازىرىدىن كېيىن، ئادىمىنىڭ كۆڭلىدىكىگە ياقىدىغان، رېمونتقىمۇ ئۇستا، ماشىنا ھەيدىسە بولىدۇ، دەپ، 1- دۈينىڭ تىراكتورچىسى كېرەم بىلەن 3- دۈينىڭ تىراكتورچىسى ئابلىمىتنى كۆرسىتىشتى.

كېرەم ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى تىراكتور ھەيدەپ كېلىۋاتقان كونا ئۇستىلاردىن ئىدى. ئابلىمىت بولسا 25 ياشلار چامىسىدىكى تېخنىكىسى بار، قىزغىن يىگىت ئىدى. ئەزالار بۇ قارارنى ئاڭلاپ بەك خوشال بولۇشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى خۇددى قاراڭغۇ ئۆيگە چىراق ياققاندەك يورۇپ كەتتى. ئەزالاردىن بىرى تېخى مۇنداق قوشاقمۇ توقۇپ ئولگۈردى:

تاپتى شوجى ئەقلىنى،
ئۆتكەچ باشتىن سەۋەنلىك.
ئامما سايلىغان شوپۇر،
قىلماس ھەرگىز مەنمەنلىك.

# جاننى تىكىپ ئىشلەش

(ھېكايە)

**توختى مۇخپۇل**

يېقىندىن خۇسۇسىي ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كەل-
گەن ئاجۇيجاڭ ئادىتى بويىچە سەھەر ئورنىدىن
تۇردى - دە، ياشنىپ قالغىنىغا قارىماي بىلەك-
لىرىنى شىمايلاپ كۆكتات يېرىدىكى كېسەك قۇ-
يۇپ ئېشىپ قالغان بىر كىڭىزنىڭ ئورنىچىلىك
يەرنى غەيرەت بىلەن ھەدەپ چاغلاشقا كىرىشتى.
تى. ئۇ بىر نەچچە كەتمەن چاپا - چاپمايلا ھە-
سىرەپ يۈزلىرىدىن چېپىلداپ تەر قۇيۇلۇشقا
باشلىدى. بۇ چاغدا تېخى يېقىندىلا ئىدارىگە
ئىشقا كىرگەن ئوغلى خالمۇرات تېخى سەھەردى-
كى ئۇيقىنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدى. ئاجۇي-
جاڭ كەتمەننى يەرگە قويدى - دە، ئوغلى خال-
مۇراتنى تووۋلاپ ئويغاتتى. ئوغلى كىيىنىپ' قې-
شىغا چىقىۋىدى، ئاجۇيجاڭ ئوغلىغا قاراپ سۆز-
لەشكە باشلىدى:

— قېنى گۆرجەكنى ئال ئوغلۇم، ئادەم
ياش ۋاقتىدا ئىش دېگەننى جاننى تىكىپ ئىشـ-
لەش كېرەك. ئولۇپمۇ ئىشنى سەھەردىن باشلاش
كېرەك. مانا قارا، سەن مۇنۇ تۇپىنى گۆرجەك
بىلەن ئاۋۇ تۈز يەرگە ئاتقىن، مەن يۇمشۇتۇپ
بېرەي. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇ تۇپىنى
لاي ئېتىپ كېسەك قۇيايلى. كېسەكنى ئىشلەتـ-
سەك ئىشلەتمەيمىز، ئىشلەتمىسەك ھەر مىڭ دانە
كېسەك ھازىر 12 كوي. مۇشۇنداق جان تىكىپ
ئىشلىسەك بىرەر ئايغا قالماي نەچچە ئون مىڭ
كېسەك قۇيۇۋالىمىز، كۆكتات يېرىمىزمۇ تۈزلىنىپ
كېتىدۇ، يەر تۈزلەنسە تېرەك كۆچىتى تىكسەك . . .

شۇنداق قىلىپ ئاجۇيجاڭ ئوغلى خالمۇرات
بىلەن خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتنى بىردەملىك
ئۇخلاشنى دېمىگەندە ئەشۇنداق جاننى تىكىپ
ئىشلەش بىلەن ئۆتتى. ئاجۇيجاڭ مەسئۇل خىز-
مەتتە بولغىنى ئۈچۈن خىزمەت ۋاقتىدا ھۆججەت-
لەرنى كۆرۈش يېغىن تەكشۈرۈش . . . لەر بىـ-
لەن بولدى. ئامما خالمۇرات قىرىش ئىستانو-
كىدا بولغىنى ئۈچۈن 8 سائەت تىك تۇرۇپ
مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى. ئائىلىدە «جان تى-
كىپ قويۇپ ئىشلىگىنى» ئۈچۈن پۇت، قول، بەل-
لىرى ئاغرىپ بىئارام قىلاتتى. ھەدەپ ئەسنەپ
ئۇيقۇ باساتتى. بەزىدە ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاپمۇ
قالاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دادىسىنىڭ «جان تى-
كىپ ئىشلەش كېرەك» دېگەن كۆرسەتمىسى بو-
يىچە جان دىلى بىلەن غەيرەتكە كېلىپ، ئاستا -
ئاستا بۇ خىل جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتىغا سىڭىپ
كىرىشكە باشلىدى، ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ
مۇسكۇللىرى چىڭىدى. ئەمما ئورۇغداپ يۈزلىرى
قارىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ۋە
سانىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئېشىپ باردى. ئاجۇي-
جاڭ سېخقا كىرىپ ئوغلىنىڭ «جان تىكىپ ئىشـ-
لەۋاتقانلىقىنى» كۆرۈپ چىرايى تۇتۇلۇپ قال-
دى. دەل شۇ كۈنلەردە شەھەردە كۆچەت تىكىپ
مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا
قويۇلدى. ئىدارىلەردىكى بارلىق ئىشچى - خىز-
مەتچىلەر شەھەر ئاھالىلىرى بۇ ھەركەتكە ئاتـ-
لاندى. خالمۇراتمۇ بۇ ھەركەت جەريانىدا
«جاننى تىكىپ ئىشلەپ» ناھايىتى زور غەيرەت
كۆرسەتتى. شۇنداق ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە ئاجۇي-
جاڭ ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا كېلىپ جان جەھلى بىلەن
ئىشلەۋاتقان ئوغلىغا قاراپ قاپىقىنى تۈردى.

— خالمۇرات سەن ۋەزىپەڭنى تۈگەتتىڭمۇ؟

— مەن تۈنۈگۈنلا 2 كىشىلىك ۋەزىپىنى
تۈگەتكەن. ھازىر تېخى ئاجىز يولداشلارغا يار-
دەم بېرىۋاتىمەن.

— ئۆزىڭىز بولمىسا «ئىش دېگەننى جاننى
تىكىپ قويۇپ ئىشلەش كېرەك» — دېيەتتىڭىزغۇ؟

— ئۇ دېگەن ئۆينىڭ ئىشى ئىشنى ئەلۋەت-
تە جان تىكىپ ئىشلەش كېرەك.

خالمۇرات دادىسىنىڭ چىرايىدىكى خاپى-
لىقنى كۆرۈپ، راس ئېيتىۋاتقانلىقىغا ھەيران
بولۇپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

# ئەندىشە

(ھېكايە)

سەدۇللا تاھىرى

تۇرمۇشتا ھەر خىل ئەندىشىلەردە بولمايدىغان ئادەملەر ئاز بولسا كېرەك. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ سۇدا ئېقىپ كېتىشىدىن، ئوتقا يىقىلىپ بىرەر يېرىنى كۆيدۈرۈۋېلىشىدىن، سەپەردە چۆلدە قېلىشىدىن، يول ئېزىپ تېنەپ قېلىشىدىن، شۇنداقلا مال-دۇنياسىنىڭ ئامان-ئېسەن بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. قىسقىسى بىرەر بالا-قازاغا يولۇقۇپ قېلىشىدىن دائىم دىگۈدەك ئەندىشە قىلىدۇ. قېرىلار ئاللاغا سېغىنىپ، ئۇنىڭدىن نىجاتلىق تىلىشىدۇ. نان ئۆرۈپ، ساھىللارغا سەدىقە بېرىشىدۇ. قانداقتۇ ئىنسانلارغا يېقىنلاشقان ۋە يېقىنلىشىش ئېھتىمالى بولغان ھەممە بالا-قازالاردىن ئارىستە بولۇشنى ئۈمىت قىلىپ، كۈنلىرىنى ئەندىشىدە ئۆتكۈزۈشىدۇ. بۇنداق ئەندىشە تولا ھاللاردا دۆلەتمەن بەزى تەقۋادار ئادەملەرنىڭ قەلبىنى بولسا بەكرەك قىسىدۇ. ئۇ خىلدىكى ئادەملەرنى ئەسھۇشىنى يوقىتىپ قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان، كېچىسى بولسا دۇررىدە ئوقۇپ، كۆز يۇمالمايدىغان ھالغا گىرىپتار قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئۆيدە ياشاۋاتقان ئەر-خوتۇننىڭ ئەندىشىسى باشقا ئىدى. «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دىگەندەك ئۆمۈرلىرى شۇ يەرگە كەلگىچە پەرزەنت كۆرمەي ئۆتكەن بۇ ئىككى قېرى بارغانسېرى مىسكىنلىشىپ، بۇ دۇنيادا ئۆزلىرى يالغۇز قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇپ كېتەتتى، دائىم كۆزلىرىدىن تاراملاپ ھەسرەتلىك ياشلىرى دوملاپ تۇراتتى. بىر كىمنى كۆرسە ئاغزىلىرى ئۆمچىيىپ بىچارىلىنىپ قالاتتى. شۇ سەۋەپلەردىن ئۇلار بەزى كېچىلىرى خۇداغا ئېلتىجا قىلىپ، يالغۇزلۇقتىن ئارىستە بولۇش ئۈچۈن شەپقەت تىلەيتتى.

ئۇلار ياش چاغلىرىدا پەرزەنت كۆرسىدۇ-كۆرمىسىدۇ بۇ ئىش ئەھمىيەتسىزدەك تۇيۇلغان بولسا، بۈگۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۈزىتىپ بولالماس خاتاغا يول قويۇشقانلىرىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. قانچە تۇققانلار ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى بەرمەكچى بولۇشقاندا، ئايخان ئايلا: «ئاغرىمىغان باشقا ئۇن تاياق دىگەندەك نەدە يۈرەتتىم، بىر قاچا ئاش زىيادە ئىتىلىدۇ، كېيىنكى ئىش ئۇ يىراق كەلگۈسى، شۇ چاققا بارغاندا بولار بىر گەپ.» دەپ غولىنى چايقاپ، ئالدىدىكى ئۇلاغدەك قاپقارا چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا دۇچ كېلىشنى تەن بەرمىگەن ھالدا، بۇ ئائىلىنىڭ ماجىراسىدىن خالى بولۇپ باياشاتلىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەندى بولسا رىياللىق ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ۋە ھۆكۈملىرىنى يەكسان قىلغان ئىدى. يىللار ئۆتكەنسېرى بىر خىل ئەندىشە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئەگىپ ھېچنېرى كەتمەيتتى. ئۇلار ئەتىگىنى-ئاخشاملىرى ئىشىك ئالدىدىكى يوغان چاسا تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆيلىرىگە كىرگىسى كەلمىگەن ھالدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ سۈكۈت ئىچىدە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن يەر-جاھاننى گۈگۈم قاپلاپ بولغاندىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۆيى-

گە كىرىشەتتى. ئۇلار، چىراق ئۆچۈرۈلۈپ بېشى ياستۇققا قويۇلغاندا مۇنۇلارنى كۆپ ئويلايتتى: «جان بار يەردە قازا بار» دېگەن گەپ بار، بىرەرنىڭ كۆزى ئەبەدى يۇمۇلۇپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، كىممۇ «ۋاي ئاتام - ۋاي ئانام» دەپ يىغلار، كىممۇ خوشنىلارغا خەۋەر يەتكۈزەر، تاۋۇتىمىز ئالدىدا پوتا باغلاپ كىممۇ يۈرەر». كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلاردا شۇنداق خىياللار تېخىمۇ كۆپىيەتتى. بۇ، ئەندىشە ئۇلار تالالاغا چىققاندا، كەينىدىن تەڭلا ئەگىشىپ تالاغا چىقاتتى. ئۆيگە كىرسە ئۆيگە كىرىۋالاتتى. كېچىسى ياتقاندا بولسا قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ ياتقۇزمايتتى. «ئەمدى سىلەرنىڭ يېرىڭلارنى كىم يېقىن قىلىپ بېرىدۇ؟ چىرغىدا يېتىپ چاڭقىغانلىرىڭلاردا كىم بىر چىنە سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟ تىترەك قوللار خېمىر مىجىشتىن قالغاندا بىر يۇمىلاش خېمىرنى مىجىپ، خامىنى پىشىشىق قىلىدىغان ھەمشىرە قېنى؟» ئىككى قېرى مۇشۇلار ئېسىگە چۈشكەندە غېرىپسىنىپ ئۆزلىرىنى بىگانە ھېس قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا ئۇلارنىڭ ھاياتىغا باشقىچىلا بىر مىجەز سىڭىپ قالدى. ئۇلار، ھەردەم ئۆز ئەتراپلىرىغا گۇمانسىراپ قاراپ، خوشنا - خولۇم ۋە تۇققانلىرىنىڭ شەپقىتىگە ئانچە ئىشەنچە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. قىسقىسى ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى دائىم بىر خىل ۋەھىمە ۋە ئەندىشە چىرمىۋالغان ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار كۈندىن - كۈنگە روھى جەھەتتىن ئېزىلىپ، قايغۇ - ئەلەمدىن قۇتۇلالماس، چۈس مىجەز بولۇپ قېلىشقا باشلىدى. بۇ ھال ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىردەم - بىردەم غىڭشىدىشىدىن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا ھەر ئىككىسى ياش، كۈچلۈك ھەسسىياتلىق بولۇپ، تۇرمۇشلىرىنى خۇشچاقچاق ئۆتكۈزگەن بولسا، بۈگۈن بۇيۇنلىرى يالغۇز تۇرمۇشتىكىدەك قىسىلىپ قالغان ئىدى. قېرىش، يالغۇزلۇق، غېرىپلىق ئۇلارنى ئائىلىسىنىڭ ئۆملۈكى، يېقىنلىرىنىڭ كۆيۈمچانلىقى روھى جەھەتتىكى تەسەللىسى، جىسمانى جەھەتتىكى ياردەمگە تولىمۇ مۇھتاج قىلغان ئىدى.

2

ئايخان ئايلامنىڭ سىڭلىسى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ يېتىم قالغان 5 ياشلىق تۇرسۇنگۈل ئىسىملىك قىزىنى ئۇرۇق - تۇققان خوشنا - خولۇملار ھە، ھۇ بىلەن ئۇلارنىڭ بېقىۋېلىشىغا بەردى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭ ئۆزگىرىش كىرگۈزۈۋەتتى. ئەندى بولسا ئۇلارغا كۈندىلىك ئەمەك ۋە ھەمرا تېپىلدى. مېھنەت، زېرىكىش ۋە بىر - بىرى بىلەن مەنىسىز خاپا بولۇشىدەك ئىشلارغا خاتىمە بېرىلگەن ئىدى. ئىككى قېرى تۇرسۇنگۈلنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، بۇ قىزنى راستىنلا ئۆزلىرى تۇغۇپ شۇ ياشقىچە دىدار كۆرۈشمەي ئەندى دىدار كۆرۈشكەندەك باغرىغا باساتتى. ئۇنىڭ يۈز كۆزلىرى پېشانىسىگە سۆيۈپ ھۆل قىلىۋېتەتتى. قىز بولسا شوخلۇق بىلەن قېرىلارنى مىنىپ ئوينايتتى. ئۇ، بارغانسېرى بۇ ئىككى قېرىنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار قىزغا ھەردەم مۇلايىم، مېھرىۋان، كۆيۈمچان، ئاياش ھېسسىياتلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. شۇڭا ئۇلار خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئەندىشە بىلەن:

ھەي، تۇرسۇنگۈل بېرى كەل، ھەي، تۇرسۇنگۈل كۆزۈڭگە قارا يىقىلىسەن.

ھەي، تۇرسۇنگۈل پاسكىنا نەرسىلەرنى تۇتما، دەپ چاقىرىشاتتى. بۇنداق گەپلەر ئەندى بۇ ئىككى قېرىنىڭ جىمجىت ھويلىسىدىن دائىم دىگەندەك سىرتقا ئاڭلىنىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭىدىن قوشۇلغان بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا چىن كۆڭۈللىرىدىن ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار، يىللار يەرلەرگە ساقال، ئاياللارغا قورۇق ئاتا قىلغىنىدەك تۇرسۇنگۈلگىمۇ ياش، ھۆسۈن ۋە ئىقتىدار ئاتا قىلدى. ئۇ، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ياخشى پۈتتۈرۈپ، تەشكىلىنىڭ تەقسىماتى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا مېڭىۋىدى بۇ، ئىككى قېرى بېقىۋالغان بالىنىڭ كۆيىنگى يامان دىگەنگە ئوخشاش پۈتى كۆيگەن توخۇ بولۇپ، يۇرتىدا تۇرالماي قالدى. ئۇلار ئەمدى تۇرسۇنگۈلسىز كۈنلەر تەس بولۇپ، بۇرۇنقى كۈنلەردىنمۇ يامان ئەھۋالغا قالغاندەك ھىس قىلىشاتتى. ئىرادىسى بوشاپ، ئۆزلىرى يەنە بىر ھەسسە قېرىپ كەتكەندەك بەللىرىنىڭ مۈكچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىشتى.

ئەمدى ئۇلار بۇرۇنقىدەك يالغۇزچىلىق، غېرىپچىلىق كۈنلەرنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىغا ھەرگىز يول چىدايتتى. شۇڭا ئۆيۋاقىنى يىغىشتۇرۇپ، تاپقان تەمىگىنى تۈگۈنچەكلەپ، ئۈرۈمچىگە چىقىپ بېشىغا كەلگەننى كۆرمەكچى بولۇشتى.

3

تىرىككە ئۆي، ئۆلۈككە گۆر تېپىلماي قالماس دىگەندەك روزى ئاخۇن بىلەن ئايخان ئايىلىغىمۇ ئۈرۈمچىدە ئەپلىك ئۆي تېپىلدى. ئۇلار شامالباغدىكى تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ پاناسىغا يېتىندى. يۇرتلۇقلار ئۇلارغا بىرپارچە يەرنى كۆرسىتىپ: «مانا مۇشۇ يەرنى زېمىن تۇتۇڭلار. بىزمۇ سىزلەرگە ياردەم بېرىمىز». دېيىشتى ۋە ئۇلارنى ئارىغا ئېلىشىپ كېسەك قۇيۇش، ئۆي سېلىش ئىشلىرىغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قوللىرىنى سۇندى. بۇ يەردە ئۇزۇن ئۆتمەي روزى ئاخۇن ۋە ئايخان ئايىملارنىڭ يېڭى ماكانى قەد كۆتەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، ئاۋات شەھەردە ياشاۋاتقان ئادەملەر توپىغا سۇغا قوشۇلغاندەك سىڭىپ كەتتى. روزى ئاخۇن ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ھەر ياز كۈنلىرى تىرىكچىلىك ئىشلىرىدىن قولى بوشىغان چاغلىرىدا پۇشقاقنى تۇتۇپ لاي چىقىرىپ كېسەك قۇياتتى. قۇيغان كېسەكلىرىنى قىرلاپ، يېڭىدىن، يېڭى ئۆيلەرنى بارلىققا كەلتۈرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارمۇ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقان ئۆيلەرنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىدىغان پائدۇك بولۇپ قالدى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا خېلىلا يېڭىلىك كەلتۈردى..

تۇرسۇنگۈل 3 يىللىق پوچتا-تېلېگىراف مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقتى. ئۇ، ھەر ئايلىق مائاشىنى ساق-ساق روزى ئاخۇننىڭ قولىغا تاپشۇراتتى. روزى ئاخۇن بىلەن ئايخان ئەمدى ئۇنىڭغا تولىمۇ كۆيۈنەتتى. تۇرسۇنگۈل بولسا بۇ ئۆيدىكى مەجبۇرىيىتىنى تولۇق چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ، ئىككى قېرىنى قارانچۇقسىز قالدۇرۇپ، ئەرگە تېگىۋېلىشقا كۆزى قىيمايتتى. لېكىن قوغۇن پىشسا ساپىغىدا تۇرمىغاندەك قىز بالا چوڭ بولسا ياتلىق بولماي بولمايدۇ-دە، كېيىنچە تۇرسۇنگۈل ئۆزىگە ئوخشاش يۇۋاش ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىر يىگىتنى تاللىدى. بۇ يىگىت يېتىم بولۇپ، ئۆزى ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يىگىتمۇ مەرتلىك بىلەن «قېرىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالساق تېخى ياخشى»-دېدى. بۇ ئىش روزى ئاخۇن بىلەن ئايخان ئايىمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ئۇلارنى بەكمۇ خۇشال قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە توي بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قورو تۆت جاننىڭ ئىناق ئائىلىسى بولۇپ قالدى. ھەر ئەتىگىنى راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈل شاتخۇراملىق بىلەن ئۆز خىزمەتلىرىگە كېتىشەتتى. كەچلىكى بولسا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قايتىپ

كېلمەتتى. مائاشلىرىنى ئالغاندا، ئۆزلىرىدە
بازارقنى قالدۇرۇپ كۆپ قىسمىنى قىرىلارنىڭ
ئالدىغا قويناتتى. شۇنداق چاغلاردا روزى
ئاخۇن بىلەن ئايخان ئايلا مەمۇنىيەت بىلەن
خۇدادىن ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ئۇزاق
دۇئا قىلىپ كېتىشەتتى... ئىككىنچى يىلى بۇ
قورودا يەنە بىر جان كۆپەيدى. تۇرسۇنگۇل
كۆز يورۇپ بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. مەسـ
لىھەت كېڭەشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى دىلشات
دەپ قويۇشتى.

ئەمدى روزى ئاخۇن بىلەن ئايخان ئايلىغا
يەنە بىر ئەمەك تېپىلغان ئىدى. ئۇلار ئائىلىـ
سىنىڭ بۇ يېڭى ئەزاسىنىڭ بۆشۈكى يېنىدىن
ھەرگىزمۇ نېرى كەتمەيتتى. تولا چاغلاردا دىلـ
شات ئۇلاردىن تۇرسۇنگۈلگە ئاشمايتتى. تۇرـ
سۇنگۈل بالىنى ئېمىتىپ بولۇپ، بۆشۈكتىن نېـ
رى بولاـبولمايلا روزى ئاخۇن بىلەن ئايخان
ئايلا بۇ، بۆشۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتىۋېلىـ
شىپ «ھە، دىلشات-دىلشات گاڭ، چوڭ بولساڭ
گاڭ بولامسەن؟»، «ھە، قويسامسەن، بىزنى
باقامسەن» - دەپ ئەركىلىتىپ، كىچىككىنە دىلـ
شاتقا تەڭلىك سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن دىلشات
ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى چۈشەنگەندەك ۋىلىقلاپ
كۈلەتتى. بۇ ھال بۇ ئىككى قېرىنى بەكمۇ
سۆيۈندۈرۈۋېتەتتى.

ئۇلار دىلشاتنىڭ تېز چوڭ بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ
ئالدىدا يۈگۈرۈپ ئوينىشىنى، ھاجەت بولغاندا
ھاسا تايىغىنى ياكى كالاچ مەسلىرىنى ئالدىلىـ
رىغا تەق قىلىپ بېرىدىغان بىر ئوغۇل بولۇپ
يېتىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار ھەر بىر
ئۆيدىن پۇرۇچلارنى يىغىپ، دىلشاتقا قۇراق چاـ
پان تىكىپ بەردى. موللىغا تۇمار پۈتكۈزۈپ،
ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇشتى. ئۇنىڭ مېھرى
مۇھەببەتلىك سىياقىدىن قەلبلىرىدە چەكسىز
خۇرسەنلىك ۋە بەختىيارلىق ھېس قىلىشتى.

ھەر ئىككىسى ئوغۇلنى توختىماي سۆيۈپ باغرىـ
لىرىغا مەھكەم تىڭىشاتتى. ئۇلار بۇ ئىشلىرىدىن
خوشاللىق ھېس قىلىپ مەس بولۇپ، ئېرىسىپ
كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشاتتى. ئەر - خوتۇن
ئىككەيلەن دىلشاتنىڭ ئوماق چىرايىغا قاراپ
تويمايتتى. دىلشات بولسا بەھۇزۇر ئەنە شۇنداق
تاۋار - دۇردۇن ئىچىگە ئورۇنۇپ چەكسىز شەپـ
قەت ۋە مېھرى مۇھەببەت ئىچىدە ئاستا - ئاستا
چوڭ بولماقتا ئىدى. ئەر - خوتۇن ئىككەيلەن
بۇ ئوغۇلنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە خىيال سۈـ
رەتتى: «قانداق ئادەم بولۇپ چىقاركىن - ھە»
بەزىدە دىلشاتنىڭ دۆلەتمەن كاتتا ئادەم بولۇـ
شىنى ئۈمىت قىلاتتى. بەزىدە بۇ ئوغۇلنىڭ
ئۆمۈر بويى ئۆزلىرىدىن ئاجىرىماي يېنىدىلا
تۇرۇشىنى، تۇرمۇشلىرىغا يار - يۆلەك بولۇشىنى
ئۈمىت قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ
تەقۋادار ۋە ۋاپادار بولۇشىنى مەڭگۈ ئەر -
خوتۇن ئىككىسىنىڭ ۋارىسى بولۇپ، كۆڭلىدىكى
ئىشلارنى قىلىپ، تەمكىن، ئېھتىياتچان، تارتىنـ
چاق، لاتاپەتلىك ۋە ئەدەپلىك ئوغۇل بولۇشىنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشەتتى. ھەر قېتىم قۇچاقـ
لىرىغا ئېلىپ ئاتا - ئانىلىق مېھرى بىلەن
سۆيگەنلىرىدە بۇندىن كېيىن مەڭگۈ ئۆزلىرىنىڭ
ۋارىسى بولۇپ قىلىشنى، راخمان بىلەن تۇرسۇنـ
گۈلگە تەئەللۇق بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى.
بۇنداق ئارزۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەر - خوـ
تۇن ئىككەيلەن راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈلنىڭ
ئۆز ئاتا - ئانىسى ئىكەنلىكىنى دىلشاتقا ئۇقـ
تۇرماي، بۇ ئىشنى سىر قىلىپ ئۇنىڭدىن ساقـ
لاشنى ئۆز ئارا كېلىشىۋېلىشتى. ھۆرمەت يۈزىـ
سىدىن راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈل غىڭ قىلىشـ
مىدى. ئۇلار «قېرىلار بىزدىن رازى بولسىلا مەيـ
لىغۇ» - دەپ قانائەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ
ياش ئەر - خوتۇن چوڭ ئۆيدىن ئايرىلىپ
باشقا ياققا كۆچۈپ كېتىشتى. لېكىن پات -

پات كېلىپ قىرىلارنى يوقلىغاچ دىلشاتنى سىغىنىشنى باشلاتتى.

ئوغۇل ساغلام شوخ چوڭ بولماقتا ئىدى. ئۇ روزى ئاخۇننى «ئاتا»، ئايخان ئايلىسىنى «ئاپا» دەيتتى. راخماننى بولسا «ئاكا» دەيتتى. تۇرسۇنگۈلنى «ئايلا» دەپ مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈللەر ئارىسىدا يەنە بىر قىز پەرزەنت دۇنياغا كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ئوغلى دىلشاتنىڭ مۇئامىلىسى ئانچە ئېغىر بىلىنمەيتتى. دىلشات مەكتەپكە قەدەم قويغاندىن كېيىنلا ئوقۇشنى ياقتۇرمىدى: ئۇ كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىشتىن شۇنچە زېرىككەن ئىدى.

ھەر ئەتىگىنى چۈنتىگىگە بىر نەچچە موچەن كىرىمىگىچە مەكتەپكە ماڭمايتتى. چۈنكى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئوشۇق سېتىۋېلىشقا پۇل كېرەكتە. ئىككى قىرى ئۇنىڭ بىردىن - بىر ئارزۇسىنى جان - دىل بىلەن ئورۇنلاپ ئۇنى مەمنۇن قىلاتتى. دىلشاتمۇ ئۇستىلىق بىلەن بىر - بىرىگە تۈيدۇرماي ھەر ئىككىسىدىن سوقاتتى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ناھايىتى تەستە پۈتتۈرۈپ، تولۇقسىزغا كىردى. مۇھىم دەرسلەر ئۆتۈلىۋاتقانلاردا ھاجەتخانىغا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ يەردە تاماكا چېكىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. دەرس ئاياقلاشقاندا چىقاتتى. ئۇ گەپ قىلغاندا ئاغزىدىن تاماكا پۇراتتى. قوللىرىنىڭ ئۇچلىرىدىكى ساپسېرىق ئىسىنىڭ دېغىغا قاراپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشتى. ئۇنىڭغا قانچە قېتىم بېرىلگەن تەنبىھمۇ بىكارغا كەتتى. ئۇنىڭ مەكتەپتىكى تەسىرى بارغانسېرى چوڭىيىپ، ئوقۇغۇچىلىق ئەخلاققا نۇقسان كەلتۈرۈۋاتقانلىقىدىن مەكتەپ مەمۇرىيىتى قىرىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋاللارنى ئېيتتى.

قىرىلار بولسا بۇ ئەھۋالغا ئانچە ئېتىۋار قىلىشمىدى، ئۇلار «ئۇنچىلىك ئىشلار نېمىتى، ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن قىلسا نېمە بولۇپتۇ، بىزمۇ ئوقۇمىغان. ساۋاتسىز قالغانغا ئادەم ئۆلمەيدۇ» دەپ تونىدى. ئۇلار مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ ئۇنى مەكتەپتىن قالدۇرماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپمۇ چۆچۈپ كەتمىدى. مەكتەپ ياشانغان بۇ ئىككى قىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى ۋە كېيىنكى ئىستىقبالىغا ئىمكان قالدۇرۇپ، دىلشاتقا مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بېرىپ ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دىلشات جەمئىيەتكە ۋاقىتسىز قەدەم قويدى. لېكىن دىلشات بۇ 2 قىرىسىنىڭ كۆز نۇرى، 2 دۇنيالىقى بولغاچقا ئۆيدە پاخلاندەك ئەزىزلىنىشكە مۇيەسسەر ئىدى. ئۇنىڭ قىلغىنى قىلغان، ئەتكىنى ئەتكەن ئىدى. قىرىلار يېگەن تاماقنى ئۇ ياراتمايتتى. ئۇنىڭغا ئايرىم تاماق ئېتىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئالاتتى. ئېسىل كىيىملەرنى كەيگۈزۈپ يېنىدىن بىر قانچە كۆيچەنلەرنى كەم قىلمايتتى، دىلشات ئانچە - ئانچە ئۇزۇنغا بارماي كوچىدىكى «پىر ئۇستاز» لاردىن ھەر خىل «ھۈنەر» لەرنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئۈلگۈردى. ئۇ يول يۈرگەندە ئاغزىدا تاماكا، بېشىدىكى ئالماش كەپكىسى قىڭغىر، قوللىرى ئىشتان يانچۇقىدا بولۇپ، كوچىدىكى تاشلارنى تېپىپ ماڭاتتى. قىزلارغا قاش ئېتىپ، ئىسقىرتىپ، قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ، بىزەڭلىك قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئاۋازى «تۇرپان خورىزى» دېگەن زور تۇخونىڭكىدەك چىقاتتى. چوڭلارنىڭ ئالدىغا تاماكا چىشلەپ كىرىدىغان، ئۇلارنىڭ كۆزىچە پۇقرۇتۇپ چېكىدىغان بولىۋالدى. ئۇ، ئۆي ئىچىدە كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە قوللىرىنى شىلتىپ، كېسىپ - كېسىپ خوجايىنلارچە سۆزلەيتتى. باشقىلارنىڭ سۆزلىرى تۈگە - تۈگىمەيلا سۆز قىستۇرۇپ ئاتىكاچىلىق بىلەن سۆزىنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالىدىغان بىر خىل تەتۈر مىجەزلىك ئادەم بولۇپ يېتىلمەكتە ئىدي.

ئۆمىرىنى ئەدەپ - ئەخلاق، ئېتىقات
ئۆتكۈزگەن روزى ئاخۇن بىلەن ئايخان ئاپە-
لىغا دىلشاتنىڭ ئىشلىرى بارا - بارا يۇچۇن
تۇيۇلۇشقا باشلىغان بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ئۆز-
لىرىگە هاي بېرىپ: «هېچقىسى يوق، بالا بول-
ساڭ شوخ بول، بولمىسا يوق بول»- دەپلا ئۆت-
كۈزۈۋېتىشەتتى. كېيىنچە بولسا كۆز ئالدىدا
بولىۋاتقان ئىشلار ئۇلارنى ئەندىشىگە سالماي
قويمىدى. ئۇلار — بارا - بارا دىلشات ئۈستىدە
ئويلاشقا ئۆزلىرىنى مەجبۇر قىلدى. ئۇلار ئەمدى
دىلشات بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر يوچۇق
هاسىل بولىۋاتقانلىقىنى دىلشاتنىڭ ئۆزلىرى
قىلغان ئەقىدىگە يات ئادەم بولۇپ ئۆسۈۋات-
قانلىقىنى پەم قىلىشتى. ئۇ كېيىنچە ئۆز تۇرمۇ-
شىنى ئۆزى بىلگەنچە ئۆتكۈزۈپ قېرىلار بىلەن
كارى بولمايدىغانلىقىنىمۇ هېس قىلىشتى. ئۇ،
بىر كۈن ئىچىدىلا ئۆزگىرىپ باشقا ئادەم بولۇپ
قالغاندەك بىلىندى. دىمىسىمۇ شالاق، زەئىپ-
لەشكەن، رەزىل، ئۆز ئالدىغا قاراشلىرى بار،
قويۇق ساقال بۇرتىغا ئىگە، ساپا - سۆلپى بىر
ئادەم ئۆز كۆز ئالدىلىرىدا تۇرۇپتۇ.

دىلشات تولا چاغلاردا كوچىدىكى پىر،
ئۇستاز شېرىكلىرى بىلەن ئىچىشىپ پاسكىنىچىلىق
ئىچىلىرىدە يېتىپ قالىدىغان بولدى. مەس هالدا
هەر دوخمۇشقا سوقۇلۇپ 2 قېرىنىڭ ئالدىغا كىرەت-
تى-دەمۇشتلىرىنى ئۇلارغا ئالىيىپ، يامان تىللار
بىلەن تىللاپ ئۇلارغا دوخ قىلىدىغان بولىۋالدى،
كېچىلىرى ئۇلارنىڭ يوتقانلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ
پۇتلىرىدىن تارتىپ سۆرەيتتى. «پۇل لازىم،
پۇل» دېگىنىچە ئۇئىككىسىنى ئۆينىڭ ئىچىدە يۇ-
مۇلىتىپ «ئەكىلەتتى». بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىغا
پۇل تەككەندىن كېيىنلا ئاياقلىشاتتى. بۇ هادى-
سە ئەتىسىلا خوشنا - خولۇملارنىڭ قۇلىقىغا يې-
تىپ كوچىغا چىقاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن دىلشات-
نىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇنىڭ غەزىۋىنى تېخىمۇ
ئۆرلىتىۋېتەتتى. ئۇ قېرىلارغا نارازى بولۇپ
هېلقى يامان ئادىتىنى تاشلاش ئەمەس بەلكى،
تېخىمۇ بەتەر قىلىقلار بىلەن تەكرارلاپ خەلقى
ئالەم ئالدىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر
چۈشكۈنلۈكلەرنى سالاتتى.

هېچ ئىشقا قوربى يەتمەس بۇ ئىككى قېرى-
نىڭ نەزىرىدە دىلشات، دېخان ئۇۋچىلاردىن قۇت-
تۇلدۇرۇپ ئالغان بورىگىلا ئوخشاپ قالماقتا
ئىدى. ئۇ ئىككىسى «بىز بورىنى كىچىكىدىن
تارتىپ چوڭ قىلساق ۋاپاغا چاپا قىلىپ بىزنى
يەمەكچى بولىۋاتىدۇ»- دەپ غەزەپلىنەتتى. كۈن-
دىن - كۈنگە توغرا يولدىن يىراقلىشىۋاتقان
دىلشات گەپ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.
ئۇنىڭغا هاياتلىقتىكى ئاجايىپ، غارايىپ نەر-
سىلەر ئۆزىنىڭ خالىغانچە بەھرىمان بولۇشى
ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك تۇيۇلغاچقا، قېرىلارنىڭ
ئەمدى تاقىتىنى قويمىدى:

- هەي نائىنساپ يوقال كۆزۈمدىن، سېنى
مۇشتەك ۋاقتىڭدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغى-
نىمىزنىڭ بەدىلىگە بىزنى قاقشىتامسەن، بوزەك
قىلامسەن! — روزى ئاكىنىڭ ئاغزىدىن چىق-
قان ئاچچىق ۋە ھەسرەتلىك بۇ پىغان دىلشاتنى
هاڭ - تاڭ قالدۇردى، - كەت سېنى تۇغقان
ئاتاڭ، ئاپاڭ بار.
زومىگەرلىكىڭنى شۇلارغا قىل!

بۇ گەپلەر دىلشاتنىڭ قۇلىقىغا ئوچۇق ئاس-
ماندا چاقماق چېقىلغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ نېمە
قىلىشنى بىلمەي تۇرغان ئورنىدا، شامدەك
قېتىپ قالدى. ئۇ، روزى ئاخۇننىڭ چىرايىغىمۇ
بىر تىكىلگەندىن قاردۇدى يۈرىكى جىغۇلداپ
كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزىگە غەزەپ - نەپرەت-
لىك بىر جۈپ كۆز رەھىمسىزلەرچە تىكىلگەن
ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زادى كىمنىڭ بالىسى ئىكەن-
لىكىنى تازا ئېنىق بىلمىگەچكە، كۆزلىرىنى
چىمچىقلىتىپ هەيران بولغان هالدا خاتا ئاڭلاپ

قالدىمۇ يە دىگەن گۇمان بىلەن تىرنىقىنى تاتىلاشقا باشلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن راخمان ۋە تۇرسۇنگۇللەرنىڭ بالىسى بولىشىمۇ بىلمەيتتى. روزى ئاخۇن بىلەن ئايخانلارنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن يەتكىچە بەھرىمەن بولۇپ چوڭ بولغان دىلشات ئۇلارنى ئۆز ئاتام - ئانام دەپ بىلەتتى. شۇ كەمگىچە ھىچكىم ئۇنىڭغا ئۆز - ئاتا - ئانىسى بارلىقىنى ئەسكەرتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. ھەممىشە ئاپىسى ئايخان ئارىغا كىرىپ، «ھوي ئاتىسى سىلمۇ ياش ۋاقىتلىرىدا بەگۋاشلىق قىلىپ ئاتىلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا ھەر خىل كەپسىزلىكلەرنى قىلغان بولغىيتتىلە، ماڭ جۇگۇ تامىقىڭنى يە، جىنىم بالام» - دەپ جىدەلنى تۈگەشتۈرەتتى. دىلشات بۈگۈن بولسا ئۇنىڭمۇ غەزەپلىك كۆزلىرى ئۆچمەنلىك بىلەن ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى كۆردى.

بۇ ئىككى ئەر - خوتۇننىڭ قەلبلىرىدە ئاللىقاچان بىخلىنىپ بولغان غەزەپ بۈگۈن ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى.

— كەت سەندىن تويدۇق! - دىدى يەنە روزى ئاكا. شۇ تاپتا ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن راستىنلا قاتتىق ئازاپلىنىۋاتقا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ ئىڭەك ۋە ئاپپاق ساقاللىرىدىن مۇنچاق - مۇنچاق بولۇپ دومىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى. ۋۇجۇتلىرى ئوتتى ئۆچۈرۈلمىگەن تىراكتۇردەك دىرىلدەپ كەتتى. دىلشات ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان قورقۇنچلۇق گەپنى ئاڭلاپ قولغا چۈشكەن ئوغرىدەك سولتۇيۇپلا قالدى. بايىقى خوخەنزىلىكلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىدا بولسا «كەت، سېنى تۇققان ئاتاڭ - ئاناڭ بار» دىگەن غەزەپلىك سادا ناھايىتى ئېنىق ياڭرايتتى. ئەندى بولسا ئۇنىڭ قولاقلىرىغا شۇ سادادىن باشقا نەرسە ئەكىس ئەتمەيتتى. كۆز ئالدىدا بولسا، غايەت زور ھاڭ ھاسىل بولغان بولۇپ، ئەندى ھاڭنى تولدۇرغىدەك قۇدرەتنىڭ يوقلىقىنى ھىس قىلماقتا ئىدى.

— ناھەتكى مەن بۇلارنىڭ بالىسى بولمىسام، مىنىڭ ئاتام كىم، ئاپام كىم، نەگە كىتىمەن؟ - دىگەن سۆز تىلىنىڭ ئۇچىدا ئاجىز سادا چىقاردى. بۇنى ئۆزىدىن باشقا ھىچكىم ئاڭلىمىدى. خوشنىلار ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ، دىگىدەك قورۇدىن ئېلىپ چىقىشتى ۋە ئۆيىدە قوندۇرۇپ قالدى. ئۇنداق قىلمىسا قىرىلارغا ھىلاقىت بەرمەس ئىدى. ئەتىسى روزى ئاخۇن ئاپتۇۋۇز قاتنىشى بىلەن ئۆيىدىن قوزغالدى. ئۇ، كۆيۈملۈك راخمان بىلەن تۇرسۇنگۇلنىڭ ئىشقا كەتمەس ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ بولغان ئەھۋاللارنى ئۇلارغا بايان قىلدى. روزى ئاخۇننىڭ سۆزلىرىدىن ئۇلار ئۆزلىرىنى قانچە تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنسىمۇ كالپۇكلىرى تىترەپ ئىڭەكلىرى جاقىلداپ كەتتى. «باشتا ئاتا - ئانىسى بىز ئىكەنلىكىمىزنى تونۇتمىدىڭلار، ئەندى ئىش يامىنىغا چىققاندا ئاتىسى - ئاپىسى بىز بولۇپ قاپتۇق» - دىمەكچى ئىدى - يۇ، دىمىدى. ئۇلار دەرھال ئىدارىلىرىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇشۇپ، چوڭ ئۆيگە بىرىش تەرەددۇتىنى قىلىشتى.

4

تۇرسۇنگۇل بىلەن ئابدۇراخمان چوڭ ئۆيگە كەلگەندىن كىيىن روزى ئاخۇن بولغان ئەھۋالنى يەنە بىر قىتىم تەكرارلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئېچىنىشلىق گەپلەر سەكراتتا ياتقان ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خىرىلدىشىدەك ئاتا - ئانىسى كۆڭلىنىڭ ئامالسىزلىقىدىن ئازاپ ۋە ئۈمىتسىزلىك گىرىداۋىدا قىيىنالغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. دۇنيادا ئاتا - ئانىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ باغرى تىلىنىپ چىداشلىق بېرىپ سۆكۈت قىلىدىغان ئادەملەر ئاز بولسا كېرەك. راخمان ئورنىدىن تۇرۇپ قولنى كۆكسىگە قوي-

دى ئۇ: ئاتا ھېچقىسى يوق، ئۇنى تۆزەشكە ھازىرمۇ ئۈلگۈردىمىز، بىز ئۇنىڭغا تەربىيە بىرەمىز، — دەيدى. تۇرسۇنگۇل ئوغلىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قىلغان ئۇششۇقلۇق ۋە ۋاپاسىزلىقلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇ، ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى ئەدەپلىكرەك تەربىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ، روزى ئاخۇننىڭ ۋە خوشنىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئىشنىڭ بۇ يەرگە يەتكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ چوڭقۇر ھەسرەتلەندى.

— «ۋاي خۇدايىم، بالىنى سىزلەر تۇققاندىن كېيىن ئۆزىڭىزلەر ئىگىدارچىلىق قىلىسىڭىزلار، كېچە-كۈندۈز، بۇ ئىككى قېرىنى بوغۇپ قويىسۇن!» خۇددى بالىنى يېڭى تۇغۇپلا تاشلىۋەتكەندەك خوشنىلارنىڭ تۆز ئۈستىگە شۇلتا قويۇپ، قىلغان گەپ-سۆزلىرى راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۈستىدىن بىر قاپاق سوغاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك سەسكەندۈرۋەتتى. بالىنى ئۇلارنىڭ تۇققانلىقىدا گەپ يوق. ئەينى ۋاقىتتا روزى ئاخۇن بىلەن ئايخان ئايىملا دىلشاتنى سىلەر تۇققان دېيىشمەيتتى. بۈگۈن بولسا، ئابدۇراخمان بىلەن تۇرسۇنگۈلنى ئەيىپلىمەكچى بولىدۇ. بۇ ھەقتە تۇرسۇنگۈل ئېغىز ئاچماقچى بولدى-يۇ، قېرىلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماسلىق ئۈچۈن ئۈنچىقمىدى.

5

راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈل لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلەيتتى. ئۇلار بۇ دۆرەم ئىككى قېرىنىڭ كۆڭلى ۋە تەلۋىگە بىنائەن دىلشاتنىڭ ئىستىقبالىغا تۈزۈتۈپ بولماس دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. «ئەندى بولسا نوتا يوغۇناپ ئۇنى ئىگىش تەس بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنى ئەمدى ئىگەمەن دېيىلسە «تارس» قىلىپ سۇنۇپ كېتىش ئېھتىمالى

بار. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ بالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ ئامراقلىقتىن ئۇنى مۇزايدەك يالىتىپ چوڭ قىلىشقان، ئەندى ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلغاندا ئىگىلىيەلمەي ئاتىسى سەن، ئانىسى سەن دەپ بىزگە ئىتتىرىشى تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى-دە، خەيرىسىناپ كۆرەيلى.» ئەر-خوتۇن ئىككىسى شۇنداق ئويلارنى ئويلاپ دىلشاتنى يېتىلىگىنىچە ئۆيدىن چىقىشتى.

دىلشات بۇرۇن ئاكىسى-ئايلىسى بولۇپ تونىغان ئادەملەرنىڭ كەينىدىن نائىلاج ئېغىر قەدەملىرىنى بېسىپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ، ئىشىك تۈۋىدە توختاپ ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇش جەريانىغا ھەمشىرىك بولغان تاملارغا، قورانىڭ ئىگىز تاملىرى كەپتەرلىرىنى تور بىلەن ھۇر كۆتۈپ ئۇچۇرىدىغان ئۆگزىلەرگە دىققەت بىلەن سەپسالدى. شۇ تاپتا ئۇ، ئۆزىنى ئىككى قېتىمقا ئېلىشىپ قالغان ئۆمۈتسىز ئادەملەردەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۆز ئاتام ئۆز ئانام دەپ چوڭ بولغان ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگە يەر تېگىدىن ھومىيىپ قارايتتى. كۆز ئالدىدا تۇرغان ھەقىقىي ئاتا-ئانىسىغا بولسا يوشۇرۇن ئۆچمەنلىك بىلەن كۆز سالاتتى. ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى يوقۇلۇپ كۆڭلى ئورتىلىپ، يۈرىكى دۇپ-دۇپ ئۇرۇپ كەتتى. كۆز چاناقلىرىدىن بولسا تاراملاپ ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ مەيدىلىرىگە چۈشۈپ ھۆل قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ غەمكىن بولۇپ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ھەسرەت ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى كۈلكۈلۈك ۋە ئېچىنىشلىق ئىدى. كۈلكۈلۈك يېرى شۇكى، ئۇنىڭ كەيپىزلىكىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان. ئۇ بۇ ئىشلارغا ھەيران بولغان ۋە مەيۇسلەنگەن ھالدا سۆيۈملۈك گىتارىنى قولتۇقلاپ يولغا چىقتى.

يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا خۇلۇم-خوشنىلار ئىشىكلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ، ئۇلار

ئاڭلىغىدەك قىلىپ ھەر خىل تاپا-تەنىلەرنى ياغدۇرۇۋېتىشتى. — نىمىلا بولسۇن، ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆزى باققانغا يەتمەيدۇ.

— ھەتتە «قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق» — دېگەندەك يامان بولسىمۇ ئۆز ئاتا-ئانىسى يەنىلا ئوبدان.

ئۇدۇلدىكى ھويلىدىن ئۇچىنچى ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. — «سېتىۋالمىغىچە قول بولماس، توغۇۋالمىغىچە بالا بولماس» — دېگەن گەپ راست ئىكەن، — دېدى يەنە بىر ئايال ئۇنىڭغا ئىتىراز بىلدۈرۈپ: — ئۇنى دەيمىز، بۇنى دەيمىز، بۇ ئىشنى تېگىر قاشقا بولمايدۇ، «قىرىڭنى ئۆزەڭ چاپ، يېرىڭنى ئۆزەڭ سۇغار» — دېگەنگە ئوخشاش باشتىلا ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بولسا بۇ بالا ئۇنچىۋالا بۇزۇلۇپ كەتمەس ئىدى، — دېدى كەسكىن تۇردە، بۇ گەپلەر ئۇلار كوچىنىڭ بېشىغا يېتىپ بېرىپ قارىسى يۈتكىچە داۋام قىلدى.

6

ئەمدى ھېكايىمىزنىڭ ئاساسى قەھرىمانلىرىغا كېلەيلى، ئۇلار بىر ئەندىشىدىن قۇتۇلغانىدەك بولسىمۇ، ئەر-خوتۇن تۆت تام ئىچىدە يەنە ئىككىسى قالدى. نىمىشكىدۇ ئۇلار كېچىلىرى ئەنسىز چۈش كۆرۈپ ئۇخلىيالماس بولۇپ قالدى. ئۆينىڭ تاملىرىدىن چىققان «ھەممىنى قىلغان سىلەر، ھەممىنى قىلغان سىلەر» — دېگەن قاتتىق ئاۋاز ھەر ئىككىسىنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە ياڭراپ، ئۇلارنىڭ شېرىن ئۇيقۇلىرىنى بۇزۇپ ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرغۇزۇۋېتەتتى:

— ھەي ئانىسى بىركىم ۋاقىرىغاندەك قىلامدۇ؟

— شۇنداق، بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلىۋېدى — دەپ جاۋاپ بېرەتتى ئايىخان ئايلا ئېرەنسىزلىك بىلەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چىراغنى يېقىپ ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قاراپ ھەسرەت چېكىشەتتى. پەقەت شۇ جىمجىتلىق، سۈرلۈك تىمتاسلىقنى بۇزۇپ كوچىدىن ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ ئاۋازلىرى يېقىنلاشقاندىلا بۇ كېچە ئۆزلىرىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەندەك باشلىرىنى ياستۇقلىرىغا قويۇۋېلىشاتتى. بىراق چىراقنى ئۆچۈرمەي تاڭنى تاڭغا ئۇلايتتى. ئەمدى بۇ ئۆيدە، داۋاملىشىپ كەلگەن شادىيانە كۈلكىنىڭ ئورنىنى نادامەت، شاتلىقنىڭ ئورنىنى ھەسرەت قاپلىغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات قىلىپ راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈل ئۇلارنى سوغا-سالام بىلەن ھەپتىدە يوقلاپ تۇرمىسىمۇ ئايدا يوقلاپ تۇراتتى.

ئۆتكەنكى ۋەقەلەردىن كېيىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر قوربان ھېيتلىقى راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈل ئوغلى دىلشاتنى كەينىگە سېلىپ سوغا-سالام بىلەن قېرىلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلۇق ئايەم كۈنلىرىدىكى ئىتتىپاقات تۇيغۇسى ئاتا-بالا ئوتتۇرسىدىكى توڭگۇنلەرنى يېشىپ ئائىلىدە ئىناق كەيپىياتنى قايتىدىن بارلىققا كەلتۈردى. روزى ئاخۇن بىلەن ئايىخان بۇندىن بۇرۇن ھېچ ئىش ئۆتمىگەندەك دىلشاتنىڭ مۆرسىگە قېقىپ ئۇنى ئەركىلىتىپ «ئەمدى كاتتا ئادەم بولۇپ قالغاندەك تۇرسەن، بىزنى تاشلىما. ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت» — دەپ تاپىلىدى، دىلشات ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە بويۇن ئېگىپلا جاۋاپ بېرىپ قانائەتلەندۈردى.

قېرىنداشلارنىڭ بىر كۈنلۈك جەم بولۇشى بۇ قورۇنىڭ قىياپىتىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. خەيرلىشىش ۋاقتىدا راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈل قېرىلارغا شۇنداق دېدى:

— دىلشاتنىڭ بېشىنى بىر ياقلىق قىلىشنى ئويلاۋاتىمىز.

دىلشاتنىڭ بېشىنى بىر ياقلىق قىلغاندا

بۇ ئىشتىن ئۆزلىرىنىڭ چەتتە قالمايدىغانلىقىنى چاقماق تېزلىكىدە ئويلاپ يەتكەن روزى ئاخۇن بىلەن ئايخان ئايلىنىڭ چىرايىدىكى جىلۋىنىپ تۇرغان شاتلىق كۈلكىلەرنىڭ ئورنىغا ئاچچىق تەئەججۈپ پەيدا بولدى. ئۇلار ناھايىتى سۈز ئاۋاز بىلەن «ۋاقتى سائىتى كەلگەندە ھە، ھو- دېيىشمەيمىزمۇ؟» - دەپلا تۈگەشتى. ئاغىزلىرىنىڭ ئۇچىدىلا بەرگەن مۇنداق جاۋاپتىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ قالدى. راخمان تۇرسۇنگۈلنىڭ يېشىدىن تارتىپ ئۇنىڭ يەنە ئېغىز ئاچماسلىغى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇردى. تۇرسۇنگۈل بۇ ھالنى ئېنىق چۈشەندى- دە بوغۇزىغا كېلىپ قالغان سۆزلىرىنى يۇتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خوشلۇشۇپ قايتىپ كېتىشتى. لېكىن روزى ئاخۇن بىلەن ئايخان ئايلىنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى چوڭ بىر ئەندىشە پەيدا بولدى.

«ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ تۇرسۇنگۈل بولسا بىزنىڭ بېقىۋالغان بالىمىز، بېقىۋالغان بالا ئۆزى تۇققان بالىغا قانداق ئوخشىسۇن؟ مىڭ قىلغان بىلەن ئۇ، بىزنىڭ پۇشتىمىز ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇئامىلىمىز شۇنچىلىكلا ئىش، بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتتى، قازىنى بۆلەك بولدى ۋەسسالام. ئۇنىڭ بالىسىغا كەلسەك ئۇ، بىزدىن تېخىمۇ يىراق» روزى ئاخۇن ئۆزىنىڭ قېرى كاللىسىدا شۇنداق ئويلارنى ئويلىسىمۇ بۇ ئويلىرىنى ئايخان ئايلىغا ئېيتمايتتى. ئايخان ئايلا بولسا روزى ئاخۇننىڭ ئاغزىغا ئۇ نېمە دەركىن دەپ قارايتتى. روزى ئاخۇن بولسا، ئاچچىق ئەلەم ۋە ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمەيتتى.

دىلشاتنىڭ توي قىلىشىنىڭ ئىككى قېرىغا ياقماسلىقىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئۇلارنىڭ قارىشىچە دىلشات توي قىلىدىغان بولسا بىرىنچىدىن ئۇلار چىقىمدار بولىدۇ. ئىككىنچىدىن ئىجارىگە بەرگەن ئۆيلەردىن بىر ئۆلۈش كىرىم ئازىيىاتتى. ئىككى قېرى ئاخىرى ئويلاپ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ، ئۈرۈمچىدىن كېتىش خىيالىغا كىرىپ قالدى. ئۇزۇندىن بېرى دوچىقىپ كېلىۋاتقان خېرىدارىغا يۇرتىغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ بولغىچە ئولتۇرۇپ تۇرىدىغان قەرەلدە ئۆي - ۋاقىنى يىغىشتۇرۇپ 10 مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتتى. بۇ ئىش ناھايىتى خۇپىيانە ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن ئەتراپتىكى خوشنا - خولۇملارمۇ بىلەلمىدى.

پۇل قولغا تېگىش ھامان ئۇلارنىڭ قەلبىنى پۇل ئىگەللىدى. كۆزلىرىنى بولسا بىر قات قېلىن پەردە باغلاپ خېلى يېقىن ئادەملىرىنىمۇ مۇشكۆلدە تونۇيدىغان بولۇپ قالدى. تۇرسۇنگۈل، دىلشاتلارنى بولسا، ئېسىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنى قولغا كىرگەن مۇشۇ پۇل ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ھەتتا قېرىلىقتىنمۇ قۇتقۇزۇپ قالالايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇلار قىپ - قىزىل رەڭدار پۇللارنى چۈجىگە چاڭگال سالغان ئاچ ساردەك قاملاپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارايتتى. كېگىز ئۈستىگە يېيىۋېلىپ كېچىچە ساناپ چىقاتتى. سانىغانلىرىنى سانىمىغانلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىپ، ساناقتىن يېڭىلاتتى - دە قايتا ساناشقا باشلايتتى. كېيىن بىر كىم كۆرۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن ھەر كۈنى ھەر خىل جايغا يوشۇراتتى. ستولبىلاردىكى سىملارنىڭ شامالدا ھەر خىل ئاۋاز چىقىرىشلىرى مۈشۈكلەرنىڭ ئۆگزىلەردە غىرسلاپ يۈرۈشلىرى ئۇلارغا باشقىچە تۇيۇلۇپ كېتەتتى، پۇل ئۇلارنى ئۆزلۈكسىز ئەندىشىگە سېلىپ ھېچ ھالىنى قويمىدى. ئۇلارنىڭ يېگىنى چىرايىغا چىقماي ياڭاق سۆڭەكلىرى، قاپاقلىرى ئاستىدىكى قىر سۆڭەكلىرى بەكمۇ ئېنىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

(داۋامى 109 - بەتتە)

# موللا روزىمەت مۇخەممەسلىرى

نەچچە يىللاردىن بېرى توۋلا ئىسسىق ياز كېلىپ،
چىقتى يۇرتتىن بەزىلەر ئاڭا بۇ تۇرپان ئاز كېلىپ،
تۇتمىدى كوزا، قاۋاق، بازارغا چىلەك داس كېلىپ،
ئاتىمىنىڭ سۆزى يالغان بولۇپ بالىنىڭ سۆزى راس كېلىپ،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

ئۈچ سەر پۇلغا بەرمەيدۇ ئاق كۆمۈشنىڭ سەرىنى،
قىممەت پۇلغا ئالىدۇ ئۆچكەي بىلەن تېرىنى،
خۇسۇمەتتىن دەۋا قىلۇر سېتىۋەتكەن يېرىنى،
لۈكچۈنلۈكنىڭ خاتۇنلىرى سەنلەپ يۈرۈر ئېرىنى،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەن بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

بەزىلەر قوناق تېرىيدۇ، بەزىلەر كېۋەز تېرىپ،
تۆرت قاتار چاخلار ئۈنى ئولتۇرمىدى ئۆيدە ھېرىپ،
پاختىغا پۇل ئىشلە تور كۈندە بازارغا بېرىپ،
ئۈشبۇ مەشغۇللۇق بىلەن غاپىل بولۇپ كەتتى قېرىپ،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەن بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

تۆمۈرچى پۇل تاپىدۇ قىززىتىپ تۆمۈرنى تومۇلاپ،
ئۆتۈكچى پۇل تاپىدۇ كۆنگە سۇ پۈركۈپ پومۇلاپ،
ئالتۇنچى پۇل تاپىدۇ سۇ كۆمۈچنى سومۇلاپ،
كىگىزچى پۇل تاپىدۇ يۇڭنى دۆگۈلىتىپ ئوڭلاپ،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

بەزىلەر كەيمىدى كونا ئەڭلىنى ھەرگىز چىقىپ،
بەزىلەر ئۆزىنى بىلمەيدۇ يەنە ئاتنى مىنىپ،
بەزىلەر خاتۇن كىشىدەك بەقەسەم تونىنى كىيىپ،
بەزىلەر سۆزىدە تۇرماي ئۆزىنى ئۆزى خار قىلىپ،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

بەزىلەر چوڭ ئىش تۇتۇپ قالدى بۇ كۈندە يىقىلىپ،
ئۆزىنى بىلمەي بېرىپ چەتنىڭ پۇلىغا چىقىلىپ،

كىيمدۇ پەشمەت چاپاننى ئىچى پۈشماي سىقىلىپ،
ئىككى ـ ئۈچ ئاي سودىدا بىر نەچچە قەرزگە تىقىلىپ،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

ئەۋۋەلدە بوزچىلار ئەلھال بولۇپتۇ ئاتقۇچى،
كىگىزچى بولدى تېخى كالا يۈڭىنى قاتقۇچى،
بەزىلەر كەسپى قىلىپ ئەھلى ئايالنى باققۇچى،
ئۇندە بىر يوقتۇر بۇ كۈندە شەرىئەتكە پاتقۇچى،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.،

بەزىلەر ئىلىم ئوقۇپ ئاز تولا مەنا ئۇقۇپ،
بەزىلەر گاڭگۇڭ بولۇپ كىم يۈۋاش بولسا يۇقۇپ،
بىر تۆمۈرچى يانىدا ئىككى كىشى بازغان سوقۇپ،
بەزىلەر مەن ئۇستا دەپ يۈردى يەنە تاغار توقۇپ،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.،

باغرىلىقلار ① قويمىدى بىنەم يەرنى باغ قىلىپ،
بەزىلەر بولدى، ئۆتۈكچى ئاندا ـ مۇندا ساق قىلىپ،
بەزىلەر تۇرمىدى ئۆيىدە سەپەرنى تاغ قىلىپ،
مەدىكارچى ھەر باھانە بىرلە كەلدى ۋاق قىلىپ،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

بەزى بايلار يىغلاپ كاتتا قىلدى جاڭزىنى،
بەزى بايلار ھەم يىقىلدى دۈرۈس تۇتماي داڭزىنى،
ياش يىگىتلەر ھايا قىلماي قىستى بەلگە غاڭزىنى،
مەزلۇم كىشى تەرك قىلماي تەرىپى زىننەت ياڭزىنى،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.،

ئىلىم ئوقۇغان تالىپلار دەرسنى تەكرار قىلالماي،
پۇلى بارلار پۇلغا ئاغرىپ سەپەر قىلالماي،
خەلقتە بولسا بەش پۇلى ئالىمغۇنچە ياتالماي،
بەزىلەر مالنى ماختاپ ئىز پۇلغا ساتالماي،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

سەھەرلەردە تاڭجاڭلار ئەتتى مانتۇ، يۇتارنى،
مەشرەپ بولغان يەرلەرگە ئىلىپ كەلدى ساتارنى،

ئىككىسى داپنى چالۇر بىرى ئالۇر دۇتارنى،
بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ھەم خارىلەر بىكارنى،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

ھەددىدىن ئاشتى بۇ كۈندە موللىلارنىڭ بىر ئىشى،
ئۆلسە بىر ئادەم كېلۇر ئاخۇن بولۇپ تۆرت بېشى،
تۇرۇكلەر ئىسقات ئالۇر ئېلىپقا ئۆتمەيدۇ چىشى،
ئاللىلارغا خەرىدار يوق ئىسقاتىغا يوقتۇر ئىشى،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىدۇ ھەر كىشى ئىچسە چىغىر،
بايلار ئۆلسە ئىلدام بارۇر بارمىدى ئۆلسە پېقىر،
ئەمرى ھەقنى تۇتمىدى خاھى كەبرە ھەم سىغىر،
ياز كۈنىدە رامزان كەلسە روزى ناماز كەلدى ئېغىر،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

تېپىپلار پۇل بولمىسا بەرمەس بىكارغا دورىنى،
باغرىلىق ساتتى يىغىپ بوران چۇشۇرگەن غورىنى،
ئاغا ـ ئىنى كۆتىرالماس بىر ـ بىرىنىڭ زورىنى،
ناماز ۋاقتىدا ياتۇر كاھىل خۇدانىڭ ھورۇنى،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

سوقماچىلار تام سوقسا بوش ئۇرىدۇ لائىتونى،
تاگجاگچىلار زوتاگدا تەييار قىلۇر فانتونى،
جىسا بەگلەر سورايدۇ قىمارۋازنى، كانتونى،
يەر ئىگىسى ئورتاق بولسا ئۇندىن ئالۇر ئالتىنى،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

پۇلنى تاپقان بايلارغا قۇل بولمىسا بولمايدۇ،
شەرئى ئېتىقات موللىغا يول بولمىسا بولمايدۇ،
ئاغامچىنىڭ ئىلمىگە بۇلغا② بېرىپ توختايدۇ،
ھەممە ئىشنىڭ ئاخىرى پۇلغا بېرىپ توختايدۇ،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېتىپ سەمەدى

---

① باغرى — يەر نامى
② بۇل — كارىزدا لاي تارتىدىغان ئەسۋابلار — ئالىتەك

# ئايىمگۈل

(ھېكايە)

سادىق سادىرى

كۆز شامىلى غۇقۇراپ تۇراتتى. باغچىنىڭ ئاكاتسىيە دەرەخلىرى ئارىسىدىن قىپاش چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى شىرىلداپ تۆكۈلۈۋاتقان سېرىق يوپۇرماقلارنى ۋىل قىلىپ يورۇتۇپ قالاتتى. كۆل بويىدىكى شادا ئورۇندۇقلار ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن چىرايلىقىنا بىر قىز نىمە ئۈچۈندۇ پات-پاتلا سائىتىگە قاراپ ئېغىر خۇرسىنىپ قوياتتى: «دادام بىلەن ئاپام نىمە ئانچە تەرسالىق قىلىدىغاندۇ؟ ئۇلارغا ئەركىننىڭ نىمىسى ياقمىغاندۇ؟». قىز دەرەخلەر ئارىسىدىكى تار يوللاردا، گۈللۈكلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن تاماشىچىلارغا، يىراقتىن كۆرۈنگەن ھەر بىر كىشىگە سەپ سالغىنىچە، ھېلىقى شادا ئورۇندۇقلارنىڭ بىرسىگە ئۆزىنى ئالدى.

«ئەركىن! ئەركىن! ئۇنىڭ گىتتار چېلىشلىرى، شوخ ناخشىلىرى، تانسىغا ئۇستىلىغى، قىزىق چاقچاقلىرى....» قىز تونۇشقىنىغا تېخى بىر يىلمۇ بولمىغان ئەركىننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىرەر ئىدارە-جەمىيەتتە ئورنى ئىسىماي كېلىۋاتقىنىغا ئۆكۈنەتتى. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ بىر ياش ئەلۋەتتە بىرەر ئورۇندا بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتساي، ئۆمۈر بويى داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە ئۆتۈپ كەتكىلى بولامدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ سەتقۇ! قىز يەنە ئويغا پاتتى: «ئۇ ئۆتكەندە سىدونت زاۋۇدىغا ئورۇنلىشىپ ئارىدىن ئۇھ، دېگىدەك ۋاقىتمۇ ئۆتمەي، ۋاي، بۇ بىز ياشلار ئىشلەيدىغان ئورۇن ئەمەسكەن: كۈنىگە نەچچە مىڭ ياغزا ئۇلدۇر-گالاپ ئىچىدە ئۆتىدىكەنمەن: قۇلۇغۇڭ ۋاڭشىپ، مىڭەڭ قوداڭشىپ كېتىدىكەن. پاسكىنىچىلىقىنى دېمەمسەن تېخى» -دەپ، ئۇ يەردىنمۇ قول سىلكىدى. دادام بىلەن ئاپامنىڭ كايىغىنىمۇ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئۇندىمەس سادىق مۇئەللىمنى ماڭا سايە قىلىشى خۇددى تاشنى تاياققا تاڭماقچى بولغاندەك بىر ئىشقۇ!»

— ئايىمگۈل!

قىز چۆچۈگەندەك، يالت قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ساغۇچ چاچلىرى پاخپايغان، كالتا يەڭلىك چاقماق كۆينەك كەيگەن، ئەركىن بىر قولىدا چېكىپ تۇرغان تاماكىسىنى تۇتقان، بىر قولىنى تىزلىرى ھېسپتەك قىلغان ئىشتىنىنىڭ يانچۇغىغا كەپلەپ تىقىۋالغان ھالدا، ھېجىيىپ تۇراتتى. ئەركىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالى مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن، تەخسىلەنگەن زىيالى ياشلار چېنىقىش رىۋۇقتىسىغىمۇ بارمىغان، ياكى بىرەر جايدا مۇقىم ئىشلىمىگەن ئىدى.

— قاراڭ، نەۋاخ بولدى؟ -دېدى. ئايىمگۈل يىگىتنىڭ سىياقىدىن غەجىنغاندەك تومشۇغىنى ئۇچلاپ، -سائىتىڭىزنىڭ ئىستىرىلكىسىغا چىۋىن باغلاپ قويسىڭىز بولۇپتىكەن، -قىز ئورۇلاپ تۇرماستىنلا شۇنداق قىزىق گەپ قىلىپ

قويغىنىغا ئۆزىمۇ قاخاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئەركىن ئايىمگۈلگە ياندىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر قولياغلىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقاردى-دە:

— ئايىمگۈل، ئەكىلىڭا قولىڭىزنى، — دەپ ئۈزۈكنى ئۇنىڭ تۆتىنچى بارمىقىغا سېلىپ قويدى، — بۇ سىزنى خوشال قىلار؟

— ھەشقاللا دېسەم بولارمۇ؟

— ھى — ھى — ھى —..... ئەركىن يېڭىلا قىردۇرغان ئۇچلۇق ئېڭەكلىرىنى سىلىغىنىچە غەلىتى ھىجىيىپ قويدى، — ئەمدى..... ئەمدى... يولدا ئۇ — بۇ .... ياق، ئۆيدە.. ھى — ھى — ھى.....

— بىر نەچچە كۈندىن بۇيان خۇددى ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەكلا يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟

— ۋاي — ۋۇي، نېمىسىنى دەيسىز؟ — ئەركىن گەپنى ئەتەي باشقا ياققا بۇردى، — قويۇڭا، سىزنى قىززىقتۇرغىدەك بىرەر ئىش يوق.

— ئۆتكەندە سېمونت زاۋۇتىدىن، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇن زاۋۇتىدىن چىقىپ كەتتىڭىز. ئۇن زاۋۇتىنى «ئۇن خالتىسىغا ئوخشايدىكەن»، دېدىڭىز، سېمونت زاۋۇتىنى «توپا زاۋۇتى»، دەپ كەمسىتتىڭىز. شۇنداق قىلىپ، ئىشلىمەي يۈرۈۋەرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— نېمە، دېدى ئەركىن، — پۇل — پۇچەكتىن غەم قىلىۋاتامسىز؟ مەن پۇلدىن قىينىلىۋاتقىنىم يوققۇ! پۇلدا كېيىم كېيىمەن دېسىڭىزمۇ قىلدۇرۇپ بەرگۈدەك پۇلۇم بار تېخى...

— گەپ يالغۇز پۇل مەسىلىسىدىلا ئەمەس، بىر ياش بىرەر ئورۇندا ئىشلىمەي، جەمئىيەتكە ئۆز تۆھپىسىنى قوشماي، بىكار لاغايلاپ يۈرسە بولامدۇ؟ پۇل مەسىلىسىگە كەلگەندىمۇ ئەمگەك قىلىپ تەر ئاققۇزغاندىلا، ئاندىن پۇل تاپقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— دېگىنىڭىزنى قىلارمىز، كايىمىسىڭىزچۇ؟ — دەپ قويدى ئەركىن.

كۆلدىكى سىماپتەك سۈزۈك سۇلار ئولتۇرۇۋاتقان كۈننىڭ قىزغۇچ شولىسى تاۋلىنىپ جىمىرلايتتى. دەل — دەرەخلەردىن شىرت-شىرت قىلىپ ئۈزۈلگەن ئالتۇنرەڭ يوپۇرماقلار ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ سۇغا چۈشمەكتە ئىدى.

«بۇ قىز ئىش — ئىش دەپ نېمە ئانچە بېشىمنى ئاغرىتىدىغاندۇ، — نارازىلىق بىلەن ئويلىدى ئەركىن، — بوپتۇ، ھازىرچە يالغاندىن بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قوياي.»

— ئايىمگۈل، — دېدى ئەركىن ياسىما كۈلكە، قىزىدىق چاقچاقلاردىن كېيىن، — خاتىرجەم بولۇڭ، تۈنۈگۈن تاغامغا ئىلتىماس قىلدىم، ئۇ ماڭا ئوبدانلا بىر خىزمەت ئورنى تېپىپ بەرمەكچى بولدى. پۇل توغرىسىدا زادى غەم قىلماڭ، دېدىمغۇ، مەن سىزنى پۇل بىلەن چۆمكۈۋېتىمەن. مەن سىز ئۈچۈن جېنىمنىمۇ ئايىمايدىغان تۇرسام، سىزنى پۇلدىن قىسىپ قويارمەنمۇ؟

بۇ گەپ ئايىمگۈلنىڭ دىلىنى يورۇتمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىرخىل غەشلىكنى پەيدا قىلدى.

— ھەر قانچە پۇل كېرەك بولسا تاپالايمەن دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ — دېدى ئايىمگۈل ئاۋازىنى كۆتىرىپ، — نەدىن تاپىسىز؟ ئەمگەك قىلمىسىڭىز ئاسماندىن چۈشەمس؟!

— جۈرۈڭا، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئەركىن تاماكىسىنى قاتتىق — قاتتىق شوراپ.

دەرەخزارلىق ئارىسىدىكى يولدا يانداشىپ كېتىۋاتقان قىز بىلەن يىگىتنىڭ بىرى چوڭقۇر خىيالغا پاتقان، يەنە بىرى ئاغزى بېسىلماي سۆز ئويۇنى قىلىۋاتقان ھالدا، ئاستا قەدەم تاشلىشاتتى.

* * *

گۈگۈم ۋاقتى ئىدى. ئايىمگۈل دالاندىكى گۈللۈكتە راسا ئېچىلىپ كەتكەن ناماشەم

كۆزلىرىگە كۆز يۈگۈرتكەن هالدا، ئۆيىدىكى پاراڭغا قولاق سالدى. ئېلېكتىر لامپۇچكىسى بىلەن يورۇتۇلغان ئازادە ئۆيدە مەنسۇر ئاكا بىلەن ئايىشخان ئاچا كەچلىك تاماقتىن كېيىن، چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— قىز بالا دېگەننىچۇ ئانىسى باشلايدۇ، — دېدى مەنسۇر ئاكا ئايالىغا، — هازىرقى بەزى قىزلارنىڭ تۇزدەك ياسىنىپ، ئالا - چىپار بولۇۋالغان بىكار تەلەپلەرگە ئاسانلا ئالدىنىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىنىمۇ كۆرۈش كېرەك. ئالدانغان بولسا، توغرا يولغا باشلاش كېرەك.

— مەن، — دېدى ئايىشخان ئاچا، — ئۇنىڭغا بىر قانچە قېتىم ئېيتتىم. لېكىن ئۇ ئەركىننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. قانداق قىلساق بولاركىن؟

— بىز ئۇنى، — دېدى مەنسۇر ئاكا بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن، — نى - نى ئارزۇ - ئۈمىتلەر بىلەن چوڭ قىلدۇق. هازىر قىزىمىز يىگىرمە بىرگە كىرىپ قالدى. ئاق قارىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك بولدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز، ئۇنىڭ قايغۇسى بىزنىڭ قايغۇمىز، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ توغرا پىكىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، قىڭغىر يولغا مېڭىپ يۈرمىسۇن. قانداق؟

— بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ شولىسىدەك ئەگىشىپ يۈرىشىدۇ، — دېدى ئايىشخان ئاچا، — دادىسى، بۇلار ئىش بولدى، خەقمۇ بىلىپ كەتتى. قويۇڭلار ئەمدى. پىشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا تېگەر، بولمىسا...

— هەي - هەي، مۇنداق گەپنى قويۇڭلار. بىز ئۇنىڭ هاياتىغا، ئىستىقبالىغا مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. كېيىنكى تۇرمۇشىغا كۆز يېتەمدۇ؟ مەن ئەركىندىن قول ئۈزسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن دەۋاتقىنىم يوق، بەلكى قىزىمىزنىمۇ، ئەركىننىمۇ ئامالىنىڭ بېرىچە ياخشى تەرەپكە يېتەكلەيلى، ياراماسلىقلىرىنى تۈزىتىشكە كۈچ چىقىرايلى دەۋاتىمەن. كەمچىلىكسىز ئادەم بولمايدۇ. ئۆزگەرتسىلا بولىدۇ...

شۇ پەيت ئىشىك ئېچىلىپ، ئايىمگۈل سەل تارتىنغاندەك، ئەيمەنگەندەك بىر هالەتتە ئۆيگە كىردى. ئۇ ئۈنئالغۇ قويۇلغان جوزىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. مەنسۇر ئاكا ئوچۇق چىراي بىلەن:

— كەل قىزىم. تامىقىڭنى يە، چېيىڭنى ئىچ، — دېدى - دە، بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئايىشخان ئاچا ئايىمگۈلنىڭ چېيى بىلەن تامىقىغا قوشۇپ گەپمۇ بەردى:

— نەگە باردىڭ؟ ئېهتىمال، يەنە شۇ ئەركىننىڭ قېشىغا بارغانسەن؟ ئەمدى سەن بىلەن ئوچۇق - ئاشكارە سۆزلەشمىسەم بولمىغىدەك. ئاڭلا، كونىلار «ئاتا سۆزى ئالتۇنغا تېپىلمايدۇ، بەخت بازاردا سېتىلمايدۇ» - دەپ بىكار ئېيتمىغان. مېنىڭ گېپىم داداڭنىڭ گېپى بىلەن ئوخشاش. ئىلگىرى مەن «بىرەر ئورۇندا ئىشلىمىسىمۇ، ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسىمۇ پۇل تاپسىلا بولدى» - دەپ قارىغان ئىكەنمەن. ئەمدى بىلدىمكى، بۇ خاتا ئىكەن. ئەركىننىڭ بىرەر ئورۇندا ئىشلىمەي، بىكار لاغايلاپ يۈرۈشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئىش خوشياقماس، تىرىكتاپ ئادەم ئۆزىنىمۇ كاردىن چىقىرىدۇ. تىلى چىرايلىق، دىلى سەت ئادەمدىن هەرگىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ. بۇنى نېمىشكە چۈشەنمەيسەن؟

ئايىشخان ئاچا بىردەم قايىنىغاندىن كېيىن، سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ «قىزىم نېمە دەيدىكىن» دەپ ئايىمگۈلگە قارىدى. لېكىن ئايىمگۈل هېچنېمە دېمەستىن، پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ جىم ئولتۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— داداڭنىڭ خىزمەتداشلىرى. سادىق مۇئەللىم توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى. كىشىلەر ئۇنى بىلىملىك، ياخشى يىگىت دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ توغرا نىيەتلىك، پەزىلەتلىك يىگىت ئىكەن. ئۇكاڭمۇ دائىم «سادىق مۇئەللىم ھېساپ دەرسىنى بەك ياخشى ئۆتىدۇ. تولىمۇ ئوبدان مۇئەللىم» - دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئائىلە سۆھبىتىگە كەلگەندىمۇ كۆرگەنسەن. كىچىك پېئىل، سەممىي، قىزغىن، قائىدە يوسۇنلۇق... شۇنداق ئادەمگە تەگمەي كىمگە تېگىسەن؟ ئەركىنىگە ياخشى ئادەم بولۇش ئۈستىدە قانچە نەسىھەت قىلدۇق، ئاڭلىمىدى. يۈزىمىزنى چۈشۈردىغان ئىشلاردىن قول ئۈزمىدى....

— ئاپا، - دېدى ئايىگۈل تەرلەپ ۋە يىغلامسىرەپ، - بولدى، گېپىڭىزنى ئازايتىڭا... مېنىڭمۇ مېڭەم بار.

ئۇزەكى قارىغاندا، ئايىگۈلنىڭ بۇ سۆزلىرى ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۆتكەنكى ئۇچرىشىشتا ئايىگۈلدە پەيدا بولغان گۇمانىنى ئەركىننىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى تولۇق تۈگىتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئايىگۈل ئۇنىڭلىك گۇمان شۆبھەلەرنىڭ ئۈچۈن تۇنجى مۇھەببىتىدىن ئاسانلا ۋاز كېچەلەيدىغان يېنىك قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىسىنىڭ پىكىر - مەسلىھەتلىرىنى تېخى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرمىگەچكە، شۇنداق دېگەندۇ ئېھتىمال.

* * *

بىر يەكشەنبە كۈنى ئايىگۈل زاۋۇتتىن (ئىشتىن) يېنىپ، ئوي - خىيال بىلەن بەنت بولغان ھالدا كېتىۋاتاتتى.

— ئايىگۈل، - قىز ئويۇقسىز ئېيتىلغان بۇ يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ، يالت قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاددى، پاكىزە، رەتلىك كىيىنگەن ئوقۇتقۇچى سادىق ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ - دېدى سادىق.

— ......، - قىز تارتىنغاندەك يەرگە قاراپ جىم تۇرىۋەردى.

— يولدىن ئالتۇن ئىزلەۋاتامسىز ياكى چېچىلىپ كەتكەن ئۈنچە - مارجانلىرىڭىزنى تېرىۋاتامسىز؟

— ياق، شۇنداقلا.... ھە، ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەن باغچىنى ئايلىنىپ كېلەي، دەپ چىققانىدىم.

— باغچىلارغىمۇ بېرىپ تۇرىدىكەنسىزدە؟

— ئەلۋەتتە، ئىشلەشنى بىلىپ، دەم ئېلىشنى بىلمىسەكمۇ بولمايدۇ - دە، باغچىغا بىللە بېرىپ كەلمەيمىزمۇ؟

— ياق، ھازىرچە، ياق، - قىز شۇ گەپنى قىلدىيۇ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى ۋە مېڭىشقا ئالدىرىدى.

— ئايىگۈل، توختاڭا، ئۆتكەندە سىزنىڭ زاۋۇتتا ئىنچىكە يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىنى ئىسلاھ قىلىۋاتقىنىڭىزنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەندە بۇ توغرىدا بىر كىتاپ بار. ئەگەر خالىسىڭىز...

— ۋاي، راستىمۇ؟ مەن... كىتاپنى ئېلىش ئۈچۈن قاچان بارىمەن؟

— ئاۋارە بولماڭ، ئالدىراش ئوخشايسىز، ئۆزەملا ئەكىلىپ بېرىمەن.

— ناھايىتى ياخشى بولدى، ناھايىتى ياخشى بولدى.

سادىق تېز - تېز قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ قارىسى يوقالغىچە قاراپ قالدى.....

ئايىگۈل كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بىر قاراپ قويۇپ، پىسىڭگىدە كۈلۈۋەتتى: «تۇۋا، سادىق مۇئەللىممۇ قىزنىڭ چاقچاق قىلىدىكەنە! ئۇ نېمە دېگەن يېقىملىق - ھە!»

بىر باشتىلا ئايىگۈلنى چىرايلىق قىز

دېگەن ئىدۇق، راست، شۇنداق، ئايىمگۈلنى تەرىپلەش ھەر كىمگە سازاۋەر بولمۇدىمەيدۇ. مەنمۇ بۇ نازۇك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستۈمگە تولۇق ئالالماقچى ئەمەسمەن. ئۇنىڭ كېلىشكەن بوي - بەستى، قوشۇماقاشلىرى، قاپ- قارا كۆزلىرى، ئەمدىلا ئېچىلاي دەپ تۇرغان قىزىل گۈل غۇنچىسىدەك لەۋلىرى ئاقۇش چىرايىغا شۇ قەدەر يارىشىپ تۇراتتىكى، ئۇستا رەسسامنىڭ بۇنچىلىك ئوخشۇتۇپ سىزالماس دەپ ئويلايمەن. قىسقىسى، بۇ قىز گۈزەل تەبىئەتنىڭ ئۆز ماھارىتىنى ئالماي، سېخىلىق بىلەن ياراتقان ئاجايىپ بىر زىننىتىگە ئوخشايتتى.

* * *

چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدا سانسىز ئۇشاق يۇلتۇزلار پىلىلدىشىپ يېنىپ، تولۇن ئاي ئاپپاق نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. مانا شۇنداق ئايدىڭ ئاخشامدا، سادىق مۇئەللىم ئۆز ياتىقىدا فىزىكا دەرسىنىڭ تەجرىبىسى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقاندا، دېرىزە يېنىغا ئايىمگۈل كەلدى. قىز ئۇنى شۇ ھالەتتە كورۇپ تەسىرلەندى: «قىزىق كىنو، كوكۇللۇك تىياتىرلار قويۇلۇۋاتقان شۇنداق ۋاقىتتا ئىدم ئېھلىشىنىمۇ ئۇنتۇپ ئىشلىگىلى تۇرۇپتۇ، ئىلىم - پەننىڭ سىرلىرى مۇشۇنداق قەتئىي ئىرادىلىك، ۋىژدانلىق كىشىلەر ئالدىدا ئېچىلىدۇ، بەلكىم دىگەنمۇ شۇنداق كىشىلەر بىلەن بولىدۇ.»

قىز ئىشىكنى چېكىشكە قولىنى ئۇزاتتىيۇ، دەرھال قايتۇرىۋالدى: «چەكسەم دىققىتى چېچىلىپ كېتەرمىكىن ....» قىز دېرىزە سىرتىدىن ئۇنىڭغا يەنە بىر دەمقاراپ تۇرغاندىن كېيىن، جۈرئەت قىلىپ ئىشىكنى چەكتى.

ھە، رۇخسەت، كىرىڭ، - دېدى سادىق مۇلايىم ئاۋازدا، ئىشتىن قول ئۈزمەي.

- دىققىتىڭىزنى چاچتىمۇ دەيمەن، - دېدى قىز تارتىنغان ھالدا كىرىپ،

- ۋاھ، ئايىمگۈل! كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ئۇ قىزنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. مەن ھازىرلا بىكار بولىمەن، رەنجىمەي، ئازراق ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ- ھە.

- ئازاق ئولتۇرۇپ تۇرماي، جىقراق ئولتۇرۇپ تۇرسامچۇ؟

- ئۇنداقتا، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

سادىق ئىشىنى مەلۇم يەردە توختاتقاندىن كېيىن، ئايىمگۈلگە بىر ئىستاكان قايناقسۇ قويدى:

—قېنى، مەرھەمەت ئىچىڭ، ئۇسسىغانسىز قايناقسۇ بولسىمۇ...

— ئۇسسىغاندا قايناقسۇ ياخشى، «قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» - دېگەن ماقال بارغۇ.

—توغرا توغرا ئېيتتىڭىز.

ئايىمگۈل جوزىدىكى رەتلىك تىزىلغان كىتاب - ژورنال ۋە گېزىتلەرگە كۆز يۈگۈرتتى.

—ماتېرىياللىرىڭىز جىقكەن، تاپقان پۇلىڭىزغا كىتاب ئالىدىغان ئوخشايسىز؟

—ئۇممىدىم شۇنداق. بىراۋ كورگىمىدىن «پۇل تاپسا نىمە قىلاتتىڭ» - دەپ سورىغاندا، گوركى «كىتاب سېتىپ ئالاتتىم» - دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن.

—مەنمۇ كىتاپلارنى ياخشى كۆرەتتىم.

—مەن ھەتتا كىتاپلارنى ياخشى كۆرگەنلەرنىمۇ ياخشى كۆرەتتىم.

ئايىمگۈل بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە خوشال بولسىمۇ، ئەمما يۈزلىرى چوغدەك قىزىرىپ كەتتى.

قىز يەردىن بېشىنى كۆتىرىپ ئۆي ئىچىگە سەپ سالدى: يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ قاتارلىق نەرسىلىرى پاكىزە ۋە رەتلىك ئىدى.

—كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز يۇي-

دىغان ئوخشايسىز؟-دېدى ئايىمگۈل.

—ئەلۋەتتە ئۆزەم يۇيىمەن. بۇ، مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىمدىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادىتىم.

«سادىق مۇئەللىم شۇنچە ئالدىراش تۇرۇپمۇ كىر - قاتلىرىنى ئۆزى يۇيىدىكەن»- دەپ ئويلىدى قىز،-ئەركىن بولسا، بىكار يۈرۈپمۇ كىيىملىرىنى ئانىسىغا يۇغۇزىدۇ.»

—ئايىمگۈل ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىپ، سومكىسىنى ئېچىپ، قاتتىق مۇقاۋىلىق بىر كىتاپنى ئالدى-دە، ئىككى قوللاپ سادىققا سۇندى:

—سىز بېرىپ تۇرغان بۇ كىتاپنى ئوقۇۋالدىم. رەھمەت سىزگە!

—ئەرزىمەيدۇ،-دېدى سادىق،- ئەگەر يەنە كىتاپ لازىم بولسا ئاپىرىپ ئوقۇپ تۇرۇڭ.

—بولىدۇ، مەن كېتىپ قالاي.

—ئۇزاقراق ئولتۇرماقچى ئىدىڭىزغۇ؟

—ئۇزاقراق ئولتۇرۇش كېيىنكە قالسۇن...

سادىق قىزنى ئۇزىتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىچە «نىمە دېگەن گۈزەل قىز-ھە!» دېدى ئاڭلىنار - ئاڭلانماس قىلىپ ۋە كۆڭۈللۈك ئوي - خىياللارنىڭ كەڭ دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلىدى.

* * *

باغچىدا ئۇچراشقان كۈننىڭ ئەتىسى ئەركىن ئايىمگۈلگە «بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن» - دېگەن بىر پارچە خەتنى قالدۇرۇپ، غىپپىدە غايىپ بولدى. قىز خەتنى ئوقۇپ، ھەيران قالدى: «پۇل تېپىپ كېلىمەن دېگىنى نىمەسى؟ پۇلنى بۇ يەردە ئىشلەپ تاپقىلى بولمامدىكەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاي...»

مانا، ئاخىرى بىر ئاي بەش كۈن ئۆتكەندە، ئايىمگۈلنىڭ يېنىغا بىر قىز كىرىپ، ئەركىننىڭ بىر باغاقچە خېتىنى تاپشۇردى. ئايىمگۈل ئاپىسىغا «ھازىر كېلىمەن» - دەپ قويۇپ، ھېلىقى قىز بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئەركىن ئۇنى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە كۈتۈپ تۇراتتى. ئايىمگۈل ئەركىننى كۆرۈپلا ھەيران قالدى: ئەركىن چاچلىرىنى غەلىتە بۇدرە قىلدۇرۇپ، گەدىنىگىچە قويۇۋېتىپتۇ. ۋۇرۇتىنى غەلىتە ياسىتىپ، چوڭ ياقىلىق ئالا كاتەكچە كۆينەك، يول - يول رەختتىن تىكىلگەن كانايچە شىم، ئۇچى ئۇچلۇق، پاشنىسى ئېگىز بەتىنكە كىيىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنىشى ئايىمگۈلنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ، مىزلىتىۋەتكەندەك بولدى. ئەمما بۇ ھال ئۇنىڭدىكى ئىشقى ھارارىتىنى تامامەن بېسىپ چۈشۈشكە تېخى ئاجىزلىق قىلاتتى. ئايىمگۈل ھەيران قالغانلىقىنى زورىغا بېسىپ، ئەركىن بىلەن ئاۋالقىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ھالدا كۆرۈشتى.

— ساق - سالامەت كەلگەنسىز؟- دېدى قىز ئەركىننىڭ دەۋىتى بىلەن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ.

— ئۆزىمىز ساق بېرىپ، سالامەت كەلدۇق، سىزمۇ ئوبدان تۇرغانسىز؟

ئەركىن قانداقتۇ ئۇنتۇپ قالغان مۇھىم بىر نەرسىنى يادىغا ئالغاندەك، يوپكىسىغا قولىنى سېلىپلا 10 كويلۇقتىن 3 باغلام پۇلنى چىقاردى - دە:

— مانا بۇ سىزنىڭكى بولسۇن،- دەپ، پۇلنى ئايىمگۈلنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئايىمگۈلنىڭ رەڭگى ئۆچتى. بېشىدا باشقىچە پىكىرلەر پەيدا بولۇپ، ئەندىشىگە چۈشتى. ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويغان بولسا، بېتى چۈشمىگەن جىق پۇللار ئۇنى قورقىتىۋەتتى.

— نەدىن تاپتىڭىز بۇ پۇلنى؟ - جىددي سورىدى قىز.

— ئۆزەمنى ئوتقا - چوغقا ئۇرۇپ يۇرۇپ تاپتىم-دە، «تېگىمنى سورىغىچە ئۆزۈمنى يە» دىگەن گەپ بارغۇ. ئەپ قويۇڭ، تويىمىزدا لازىم بولىدۇ. پۇل دىگەنىڭچۇ، تاپالايدىغان، قەنىتىمىنى چاقالايدىغان ئادەم تاپىدۇ. قاراڭ، ئايرۇپىلانلاردا غۇژ قىلىپ ئۇچتۇق، ۋىڭ قىلىپ چۈشتۇق، ماناشۇ، - ئۇ قولىنى جۇپلەپ چاۋاك چېلىپ قويدى.

شۇ تاپتا ئايىمگۈلنىڭ قەلبىدە گۇمان ۋە پۇشايمان تۇيغۇلىرى دولقۇن ياسىغان ئىدى. چاقماق تېزلىكىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېيتقان گەپلىرى ئايىمگۈلنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى. «كىشىنىڭ تىلىغا ئەمەس، دىلىغا قارا. ئۇ بىكار تەلەپكە بېرىلىپ كەتمە. بىز سېنىڭچۇ، كۆيۈمچۈل بولغۇچى يىگىتنىڭمۇ، ھەر ئىككىڭلارنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئويلايمىز. كىشى پەقەت ھالال ئەمگەك ئارقىلىقلا بەختلىك بولىدۇ...»

ئەركىن يېقىن كېلىپ، ئايىمگۈلنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى.

— نىمە، پۇل تېپىش ئەيىپمۇ؟ سىز ئۈچۈن تاپتىمغۇ!

مەن ئۈچۈنمىش! ماڭا بۇنداق قىڭغىر يول بىلەن تاپقان پۇلنىڭ لازىمى يوق! سىزنىڭچە قاقتى - سوقتى قىلىش، ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئەيىپ ئەمەسكەن - دە!؟

قىز قولىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ، ئەركىننىڭ ئالدىدىكى جوزىغا قويدى.

ئەركىن «بىلىپ قالدىمىكىن...» - دەپ ھودۇققان بولسىمۇ، يەنە دىدى.

— نىمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟

— دىدىمغۇ، كېرەك ئەمەس!

ئايىمگۈلنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، ئاغرى قۇرۇپ، نەپەس ئورنىغا ئوت چىقىۋاتقاندەك بولدى.

— ئايىمگۈل، - دىدى ئەركىن، ئەپۇ قىلىڭ مېنى!

— ياق، بۇ ئەپۇ قىلىدىغان ئىش ئەمەس، - دىدى ئايىمگۈل كەسكىنلىك بىلەن. سىزگە ئالدىنىپ يۈرگىنىمگە ناھايىتى ئېچىنىمەن!

ئايىمگۈل تۆۋەنكى لەۋىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى.

— ئايىمگۈل!

ئەركىن قىزنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى ۋە يەنە بىر قېتىم چاقىردى.

— ئايىمگۈل!...

ئۇ ئەركىننىڭ يېلىنىپ چاقىرىشلىرىغا قۇلاق سالماي، كېتىۋەردى.

△ △

شۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئايىمگۈل ئاپىسى ئايىمخان ئاچىسىنىڭ مەنسۇر ئاكىغا.

— ھۆي دادىسى، ھېلىمۇ خېلى بالدۇر ئەقلىمىزنى تېپىپ، ئەركىن دىگەن ئالا قاناتتىن قول ئۈزدۈۋېتىپتىمىز. تۈنۈگۈن كۆكتات دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئىككى ساقچىنىڭ ئەركىن بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىنى باغلاپ ئېلىپ، كېتىۋاتقىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ئەمەسمۇ.

— قىزىم ئايىمگۈل، - دىدى مەنسۇر ئاكا سالماقلىق بىلەن، - سەنمۇ ئاڭلىغانسەن بۇ خەۋەرنى؟

— بۈگۈن زاۋۇتتا ئاڭلىدىم، - دىدى سەل قىزارغان ۋە ئەركىنگە قاتتىق غەزەپلەنگەن ئايىمگۈل.

— ئەركىن بولمىغۇر ئىشلار بىلەن، ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، - دىدى مەنسۇر ئاكا، - نۇرغۇن زاڭ مال، نەق پۇل ۋە ئۇن بەش كىلو نەشە بىلەن قولغا چۈشۈپتۇ.

«ھېلىقى بىر ئايلىق ۋاقتىنىڭ سىرى شۇ ئىكەن - دە!» - دەپ ئويلىدى ئايىمگۈل.

# تۈلكە بىلەن بۆرسۈق قىزنىڭ ئىچىنىشلىق مۇھەببىتى

## (مەسەل)

### جۇڭ فا

تۈلكە بىلەن بۆرسۈق قىز مۇھەببەتلىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ دوستلۇغى دېيەيدىغان گېپى قالمايدىغان، ئىنتايىن ئىناق باسقۇچقا يەتكەن ئىكەن.

قىش پەسلى كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئىززۇقلۇقتا بارغانسېرى قىيىنچىلىق بولۇپتۇ، بۆرسۈق قىز كوپ قېتىم سىرتقا چىقىپ، قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئوزۇقلۇق توپلىماقچى بوپتۇ. بىراق تۈلكە دائىم ئۇنىڭغا ئېسىلۋېلىپ بارغىلى قويماپتۇ، ئۇ بۆرسۈق قىزغا:

—ئالدىردىماڭ، مېنىڭ ئەپلىك چارەم بار،— دەپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، بىر كۈنى تۈلكە راستىنلا بىر خالتا ئاشلىق ئېلىپ كېلىپتۇ، ئۇ كورەڭلىگەن هالدا بۆرسۈق قىزغا قاراپ:

—قاراڭ، مەن دۇشۇك ئېيىقنىڭ قېشىدىن بىر خالتا ئاشلىق ئېلىپ كەلدىم، بۇ يىل قىشتا ئىككىمىزنىڭ يېيىشىگە يېتىدۇ—دەپتۇ.

بۆرسۈق قىز هەيران بولۇپ:

—دوستىمىز مۇشۇك ئېيىقنىڭمۇ قىشنى ئۆتكۈزگىدەك ئۇنچىۋالا كوپ ئاشلىغى بولمىسا، ئۇنىڭ نەدىمۇ بىزگە ئۆتنە بەرگىدەك ئېشىنچا ئاشلىغى بولسۇن؟— دەپتۇ.

تۈلكە بارماق قولىنى ئۇيان-بۇيان قىلىپ، سىرلىق هالدا بۆرسۈق قىزغا:

—مەن سىزنى، كېسەل بولۇپ قالغىلى 10 نەچچە كۈن بولدى، ئاچ قالدى، دېۋىدىم، ئۇ ئۆزلىكىدىن ئۆتنە بەردى،—دەپتۇ.

—بىراق مېنىڭ كېسىلىم، بولمىسا!—دەپتۇ ئۇ تېخىمۇ هەيران بولۇپ:

—ئۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭ!—دەپتۇ تۈلكە سەل خاپا بولۇپ، سىززە تازا كاج ئىكەنسىز، هازىرقى كۈندە كوپچىلىك ئۆتتۈرىسىدا بولۇۋاتقىنى پەقەتلا پايدىلىنىش مۇئامىلىسى، ئاشلىغىمىز بولغان ئىكەن، خاتىرجەم قىشنى ئۆتكۈزەيلى.

بۆرسۈق قىز تۈلكىنىڭ بۇ سوزلىرىنى ئاڭلاپ، شۇ زامات ئالدىدا تۇرغان تۈلكىنىڭ، ئۆزى چۈشىنىدىغان مۇهەببىتى بولماستىن، بەلكى نىهايىتى يات ئىكەنلىكىنى هىس قىپتۇ. ئۇ تۈلكىگە باشتىن-ئاياق بىر سەپسالغاندىن كېيىن، ئەستايىدىللىق بىلەن! — «سىز بۈگۈنكى كۈندە كوپچىلىك ئۆتتۈرىسىدا بولىۋاتقان مۇئامىلە پەقەتلا ئوز-ئارا پايدىلىنىش مۇئامىلىسى»-دەۋاتىسىز، بىراق مەن سىزگە ئەزەلدىن سەممىي مۇئامىلىدە بولدۇم، كويۈندۈم! مۇشۇك ئېيىق ئاكىمىزمېنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاڭلاپ، دەرهال بىزنىڭ قىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىمىز ئۈچۈن، بىر خالتا ئاشلىقنى سىزگە يۈدۈپ قويۇپتۇ. بۇنداق قىلغانلىق بىزدىن پايدىلانماقچى بولغانلىقىمۇ؟ مەن شۇنى كۆرۈۋالدىمكى، سىز راستىنلا بىر ئالدامچى ئىكەنسىز، باشقىلاردىن پايدىلىنىدىغان شەخسىيەتچى ئىكەنسىز!—دەپتۇ.

—مېنىڭ بۇ ئاشلىقنى تېپىپ كېلىشىم سىز ئۈچۈن!—دەپ ئاقلاپتۇ تۈلكە ئۆزىنى.

—بۇنداق ئەقلاقسىزلىق بىلەن ئالداپ ئەكەلگەن ئاشلىقنى يېمەيمەن!—دەپتۇ بۆرسۈق قىز. تۈلكە هىجىيىپ تۇرۇپ:

—بىزنىڭ ئىناق دۇناسىۋدىتىمىزنى يەنە داۋاملىق ساقلاپ قالغىلى بولامدۇ؟—دەپ سوراپتۇ.
بۇ چاغدا بۇرسۇق قىز بۇرۇن تۈلكىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ساختىلىقلىرىۋە شەخسىيەتچىلىك-
لىرىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ، ئۇ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن قەتئىي ئاھاڭدا:
—بۇرۇن سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىڭىز پەقەتلا -پايدىلىنىش. ھەرگىزمۇ -ئىناقلىق-
ئەمەس ئىكەن. بۇندىن كېيىن بولدى قىلايلى!—دەپتۇ.
تۈلكە يەنە يېقىنلىق قىلىپ:
—راس، راستىنلا ئەسلىگە كەلتۈرگىدەك يېرى قالمىدىمۇ؟—دەپ سوراپتۇ.
—قالمىدى دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بۇرسۇق قىز سوغاققىنە.
تۈلكە ھىلىقى ئاشلىق خالتىسىنى باشقىدىن ئوشنىسىگە يۈدۈپ:
—ئۇنداق بولسا بۇ خالتىدىكى ئاشلىقنى ئۆزەم يالغۇز يەيمەن،—دەپ مېڭىپ كېتىپتۇ.
بۇرسۇق قىز ئۇنىڭ كەينىدىن بىرنى تۈكۈرۈپ قويۇپتۇ....

شىرزات مەھەممەت تەرجىمىسى

(«شەرقىي دىڭىز» ژورنىلىنىڭ 1982-يىللىق 6-سانىدىن)

(بېشى 97 - بەتتە)

ئۇلار كېچىدىكى ئۇيقۇسىزلىق ۋە ھارغىن-
لىق دەستىدىن كۈندىن - كۈنگە تاماقتىن قې-
لىشقا باشلاۋاتاتتى. ئۇلار ئىككىسىلا 85 تىن
ھالقىغاندا پۇل، بايلىق ئۇلارنىڭ /جېنىغا زىق
بولماقچى، ئۇلارنى ھەر كويغا سېلىپ، جۇدالىق
سەھرالىرىدا تەمتىرەتمەكچى بولۇۋاتسا قان-
داقمۇ قىلىتۇلۇق؟ «تېزراق يۇرتقا كېتىش كې-
رەك، پۇلغا كۆيە كىرمەستە قېرى جېنىمىزنى
جايلىشىمىز كېرەك». بۇ ئارزۇ ھەر ئىككىسى-
نىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن ئەكس ئېتەتتى. ئۇلار
يۇرتىغا بېرىپ ئالسىلا تۇرلۇك ئەندىشىلەردىن
خالى بولماق ئاسان. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ پۇلى
بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، مانا شۇنداق ھۆ-
كۈم ۋە پەرەزلەر ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇ-
زىۋەتتى. ئۇلار راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈلدىن
يوشۇرۇنچە بىر كۈنى غېپىدە تىكىۋەتتى. ئۇلار
يۇرتقا كېلىپ ئوبدان ئىككى ئېغىزلىق يېڭى
ئۆي سېتىۋالدى. بىرنەچچە كۈن ئورۇق تۇق-
قان، ئەل - ئاغىينىلىرىغا داستىخان، يېيىپ شات-
لىقتىن كۆز يېشى قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئۆتكۈزدى.
كۈتمىگەندە، ئۇلارغا پوچتىدىن بىر پارچە تېلې-
گىراممىا كەلدى.

«ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانا، بىزنى خەۋەر-
لەندۇرمەي يۇرتقا كېتىپسىلەر، بەكمۇ ئەپسۇس-
لاندۇق، بالىلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، سى-
لەرنى بىللە ئاپىرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ،
كەلسەك بولماسمىدى. بىز ئەل-جامائەت ئالدىدا
بەكمۇ خىجالەت بولدۇق. دىلشاتنى پەيچۇسى-
دىن تۇتۇپ كەتتى. قىزىڭىزلار تۇرسۇنگۈلدىن».
تېلېگىراممىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇلار تولۇق
چۈشەندى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئۆزۈنىدىن
بۇيان تاپالماي يۈرگەن نەرسىسىنى تېپىۋالا-
غاندەك نۇر چاقناپ كەتتى. خۇداغا شۈكرى
خوتۇن، ئۇ جايىنى تېپىپتۇ، - دېدى. روزى
ئاخۇن ئىچكى خوشاللىقىنى يوشۇرالماي.
- بىزگە قىلغىنىنى خۇدايىم كۆرسىتىپتۇ،-
دېدى - ئايخان ئايلانىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.
شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىگە چاپ-
لاشقان قېرىلىق، يالغۇزلۇق ۋە مىسكىنلىكىنى
ئۇنتۇپ، ئۇزۇل - كېسىل ئەندىشىدىن خالى
بولغاندەك بىر - بىرىگە بېقىپ، خۇرسەن-
لىك بىلەن ھىجىيىشتى. ئۇلار شۇ مىنۇتتا قېرى-
لىقتىن ئەبىدى قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى
ئەجەل بولسا ئەتراپلىرىدا سايە بولۇپ، ئايلى-
نىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان ئىدى،

## ل. تولستوي يېزىقچىلىق ھەققىدە...

قېرىنداش ۋە خاتىرە دەپتەرنى ھەممىشە ياندىن ئايرىماي، كىتاپ ئوقۇغاندا ۋە سۆزلەشكەندە ئۇچرىغان بارلىق گۈزەل تەرەپلەرنى ۋە سۆزلەرنى خاتىرىلىۋېلىش لازىم.

* *

ئەسەرنى ياخشى يازىمەن دەيدىكەنسىز، ئۇ چوقۇم ئاپتورنىڭ كۆڭلىدىن چىققان بولۇشى كېرەك.

* *

سىز گاڭبىينى ھەر قېتىم رەڭگە تۈگۈرگەندە، گويا بىر پارچە گۆشىڭىزنى سىيا قۇتىسىغا چىلىغاندەك بولغاندىلا، ئاندىن يېزىشىڭىز لازىم.

* *

قولۇمدىكى بۇ زور ھەجىملىك ئەسەر («ئاننا كارىنىنا» كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ كېلەچەكتىكى پىرسوناژلىرىنىڭ دۇچكېلىش ئېھتىمالى بولغان نەرسە ئۈستىدە ئويلاۋاتىمەن، تەكرار ئويلاۋاتىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە يۈزدە بىر پىرسەنتىنى تاللاش ئۈچۈن مىليونلىغان ئېھتىماللار ئۈستىدە ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تولىمۇ قىيىنچىلىق. مېنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنىم دەل مۇشۇ ئىش.

* *

ئەگەر مەن خەلق ژورنىلىنى نەشر قىلغۇچى بولغان بولسام، ئۇنداقتا ماڭا ماقالا يازىدىغانلارغا: سىز يېزىشنى خالىسىڭىز يېزىڭ... بىراق ھەر بىر جۈملە سۆزىڭىزنى باسما زاۋۇدىدا كىتاپ تۇشۇيدىغان ھامماللارمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولسۇن- دەپ تەلەپ قويىمەن.

* *

ئاساسلىقى شۇكى: يېزىشقا ئالدىرىماسلىق، تۈزىتىشتىن زېرىكمەسلىك، بىر پارچە ئەرسىنى ئون قېتىم، يىگىرمە قېتىم تۈزىتىپ يېزىش لازىم.

* *

يېزىپ بولۇپ تۈزىتىش كىرگۈزمەيدىغان مۇنداق خىيالنى مەڭگۈ تاشلاش لازىم. ئۈچ قېتىم، تۆرت قېتىم تۈزىتىش يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ.

* *

ئەگەر ھازىرقى باللار يىگىرمە يىلدىن كېيىنمۇ مېنىڭ يازغان ئەسىرىمنى ئوقۇسا، ئۇلار شۇنى كۆرۈپ يىغلىسا، شۇنى كۆرۈپ كۈلسە، ھەممە تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيسە، ئۇ ھالدا مەن مانا مۇشۇنداق رومان ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىمنى ۋە پۈتۈن كۈچۈمنى بېغىشلايمەن.

(ئاخىرى 82- بەتتە)

---

### كىتاپخانلار دىققىتىگە

ژورنىلىمىزنىڭ 83- يىلى 4- سانىنىڭ 98- بەتتىكىنىڭ يۇقۇردىن 9- قۇردىكى «ئاۋۇت» دىگەننى «ساۋۇت»، 99- بەت يۇقۇردىن 9- قۇردىكى «نەپىس»- دىگەننى «نەپەس»، 15- قۇردىكى «چىنى»- دىگەننى «چىتنى»- دەپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

**تەھرىردىن**